# ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار قوللانمىسى



**Uyghur Refugee Guide with info-kit**
**Prepared by**
**Uyghur Rights advocacy Project**
**2020**

**www.urap.ca**
**116 Albert Street Unit 329, Ottawa, On, Canada**
**K1P 5G3**
**613-261 8512T:/ F: 437 800 4099**
**Funded by the National Endowment Fund for Democracy**
**uyghuradvocacy@gmail.com**

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ---------- 4

ئومۇمى چۈشەنچە ----------5

پاناھلانغۇچى، ئەئەنىۋى پاناھلانغۇچى، پاناھلىق سورىغۇچى----------5

يەرلەشتۈرۈلگەن پاناھلانغۇچى، قوغدالغان كىشى، ماكانسىزلاشتۇرۇلغان كىشى ---------- 6

سالاھىيەتسىز كىشى، ئەنسىرەشكە تېگىشلىك كىشىلەر، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نوقتىلار----------7

جەنۋە ئەھدىنامىسى ۋە پاناھلانغۇچىلارغا بېرىلگەن ئېنىقلىما ----------8

قايتۇرماسلىق پرىنسىپى ----------9

ئاگاھ بولىدىغان دۆلەت ۋە رايۇنلار ----------10

خەلقئارا قانۇنلار، خەلقئارا ئورگانلار ۋە پاناھلانغۇچىلار ----------11

ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ----------15-

قايتۇرۇلماسلىق ۋە قانۇنسىز چېگرادىن كىرىش ----------17

بۆلۈم: پاناھلانغۇچىلار باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا كىرىپ پاناھلىق تىلىيەلەمدۇ؟ ---------- --18

ۋىزاسىز ياكى قانۇنسىز ھالدا چېگرادىن كىرىش ----------19

پاناھلانغۇچىلار ۋە پاناھلىق بەرگۈچى دۆلەتنىڭ سىياسى مۇھىت ----------19

پاناھلىق جەريانلىرى، زۆرۈر بولغان پاناھلىق ماترىياللىرىنى تەييارلاش ----------21

قايىل قىلارلىق ماترىيال تەييارلاشتا كەم بولسا بولمايدىغانلار ----------23

ماترىيال تەييارلاشتا دىققەت قىلىش كېرەك بولغان نوقتىلار ----------24

پاناھلىقنى نەگە تاپشۇرۇش ھەققىدە ----------26

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ----------27

تۈركىيەدە پاناھلىنىش جەريانلىرى ----------27

تۈركىيەدە پاناھلانغۇچىلارغا بېرىلگەن قانۇنى ئېنىقلىما ----------28

تۈركىيەدە پاناھلىق تىلەشتىن بۇرۇن بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ----------29

پاناھلانغۇچى، شەرتلىك پاناھلانغۇچى، 2- دەرىجىلىك قوغدالغۇچى ----------30-29

تۈركىيەدە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرۇش جەريانلىرى ----------31

ئىلتىماسنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە كېرەكلىك ۋاقىت ----------32

ئالدىن كۆرۈلىدىغان ياكى تىزلەشتۈرۈلگەن ئەھۋال ----------32

ئايرىم سۆھبەت ----------32

بېرىلگەن قارارغا قايتا ئىلتىماس -appeal ----------33

قانۇنى ياردەم- Legal assistance ----------34

يۇقۇرى سوتقا ئەرز سۇنۇشتا قانۇنى ياردەم جەريانلىرى-Legal assistance in judicial appeals-----34

تۈركىيەدە دۆلەت تەۋەلىكسىز قالغانلارنىڭ ھەق ھوقۇقى (ۋەتەنسىزلارنىڭ ھەق ھوقۇقى) ۋە كاپالەتلىرى—35

**تۈركىيەدىكى كۆچ ئىدارىسى ئادرىسلىرى ----------35**

پاناھلانغۇچىلارغا ياردەم تەشكىلاتلىرى ----------36

خۇلاسە ---------- 37

ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسى ----------40

ب د ت پاناھلىق مەركىزى بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا ئىشخانىسى----------40

بوسنىيەدە پاناھلىق جەريانلىرى ----------41

پاناھلانغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى بىكىتىش ----------43

خۇلاسە: نىمە ئۈچۈن بوسنىيە؟ ----------43

بوسنىيەدىكى ب د ت پاناھلىق ئىشخانىسىنىڭ ئادرىسى ----------45

بوسنىيەگە كىرىش ۋىزىسى ھەققىدىكى رەسمى ئۇچۇر ۋە مەنبەسى ----------46

پاناھلىق ئىلتىماسى قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلاشقا تېگىشلىك خۇسۇسى ئۇچۇرلار----------48

پاناھالىق بايانامىسىنى قانداق تەييارلاش ھەققىدە ----------64

ئېرقى كىلىپ چىقىشى سەۋەپلىك جازالىنىش ------------------------------ 65
مىللى كىلىپ چىقىشى سەۋەپلىك جازالىنىش ------------------------------- 66
دىنى ئىتىقادى جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش ------------------------------ 66
سىياسى كۆز قاراشلىرى سەۋەبىدىن جازالىنىش ------------------------------------- 67
ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادىتى، ئەئەنىسى ۋە مەلۇم بىر ئىجتىمائى گرۇپپىغا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن
جازالىنىش قورقىسى --------------- 68
ئەڭ ئىخچام ۋە كونكرىتنى پاناھلىق بايانىنامىسى(ھىكايە) قانداق يېزىلىشى كىرەك؟ ----------------------- 71
ئىسمىڭىز ھەققىدە ئىزاھات بېرىشنى ئۇنۇتماڭ --------------------- 71
پاناھلىق بايانامىسىنىڭ ئاساسلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىلىشى كىرەك -------------------------- 72
يېزىلمايدىغان نەرسىلەر ياكى توغرا دەپ قارالغان خاتا ئۇقۇملار --------------------------------- 72
پاناھلىقى قوبۇل بولمايدىغان 3 خىل ئەھال --------------------------------- 74
ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۇئالالار ------------------------------------------ 76
پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش دىگەن نىمە؟ ------------------------------------ 76
دۆلەتلەرنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بارمۇ؟ ------------------------------ 76
قايسى دۆلەتلەرنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسى بار؟---------- ---------- 77
كىملەر قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسىغا ئۇيغۇن كىلىدۇ؟ ----------------------------- 78
قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نىمە؟ ---------------------------------------- 79
دۇبلىن بەلگىلىمىسى ياكى دۇبلىن شەرتنامىسى -------------------------------- 82
جىددى ياردەم ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا ئالاقە قىلىدىغان ئورۇنلار ------------------------------------------------ 83
تەۋەككۇلچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئېغىر بەدەللىرى ---------------------------------- 87
خۇلاسە ۋە مۇراجەت ----------------------------------- 88

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش پروگراممىسى(Uyghur Rights Advocacy Project)، ئامېرىكىدىكى دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ماددى ياردىمى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرى، ئۇلارنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ئىمكانلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىنىڭ  يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە زۆرۈر بولغان ئەقەللى ساۋاتلار، بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق قانۇنى ئۇقۇملار،  ئىلتىماس جەدۋەللىرىنى قانداق تەييارلاش، جەدۋەل ۋە باشقا ئەنكېتلەرنى  تولدۇرۇشتا نىملەرگە دىققەت قىلىش، ماتېريال تەييارلاشتا  قايسى نوقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، قايسى ئورۇنلار بىلەن  قانداق ئالاقە  قىلىش قاتارلىق كونكرېتنى قەدەم باسقۇچلار ھەققىدە كەم بولغان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر قوللانمىنى تەييارلاپ چىقتى.

بۇ قوللانما، ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان كونكرېتنى سۇئاللىرىغا جاۋاپ تېپىش ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا دەسلەپكى پايدىلىنىش ماتېريالى بولالايدۇ.

بۇ قوللانما، ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلغان مۇشۇ ساھادىكى بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان تۇنجى قېتىملىق پايدىلىنىش ماتېريالى بولۇپ، ۋاقىت ۋە باشقا چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن ئىمكان بار ئىخچام بولۇشىغا، ئاساسلىق قانۇنى ئۇقۇملارنى تونۇشتۇرۇشقا، پاناھلىنىش، پانااھلانغۇچى، كۆچمەن ۋە قوغدالغۇچى كىشى قاتارلىق ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان لېكىن ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا مۇقىم ھالدا شەرھىيلەنمىگەن ئۇقۇملارغا ئېنىقلىما بېرىپ ئۆتۈش بىلەن، ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق دۆلەت بولغان تۈركىيەنى مىسال ئېلىپ،  تۈركىيەدىكى پاناھلىنىش ئىلتىماسى جەريانلىرى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاناھلانغۇچىلارغا بەرگەن قانۇنى ئېنىقلىمىسى، يەنە شۇنداقلا  ب د ت پاناھلانغۇىلار ئالى كومىسسارلىقى ئىشخانىلىرىنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى جەريانلىرى قاتارلىقلار مەزمۇنلارنى ئاددىي ھالدا چۈشەندۈرۈشكە غەيرەت قىلدۇق.

بۇ قوللانما، دۇنيادىكى پاناھلانغۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان ۋە بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان سىياسى ، ئىقتىسادى ۋە ئەسكىرى توقۇنۇشلار، كىرىزىسلەر، ھەمدە بۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەت گىرداۋىدا چىقىش يولى ئىزلەۋاتقان ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارغا،  بۇ قېيىن ئۆتكەلدىن قانداق ئۆتۈش  ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدىكى  بىلىم ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا بەزى موھىم خەلقئارا ئورگانلار ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختالدى.

بۇ قوللانما بىر باشلانغۇچ ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە، مەزمۇن جەھەتتىن بېيىشقا ۋە بۇندىن كېيىنكى باسقۇچلاردا پاناھلانغۇچى قېرىنداشلىرىمىز يولۇققان كونكرېتنى مەسىلىلەر بويىچە يەنىمۇ تەپسىلىلىشىشكە مۇھتاج. شۇ سەۋەپتىن بۇ قوللانمىدىن پايدىلانغان ياكى پايدىلانماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىن بۇ ساھادىكى خىزمەتلەرنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ھەر مەزمۇندىكى تەنقىت ۋە تەكلىپ پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقى ئىلتىماس قىلىنىدۇ.

## I - قىسىم ئومۇمى چۈشەنچە

ئالدى بىلەن بۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ قانۇنى ئېنىقلىمىسى ھەققىدە ئاددى تىل بىلەن قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز

- **پاناھلانغۇچى** (Refugee)

ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتتە ھاياتى بىخەتەرلىكىدىن ۋە جازالىنىشتىن قورقۇپ باشقا دۆلەتلەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۆز دۆلىتىگە قايتالمىغان ۋە ياكى قايتىشنى خالىمىغان شۇ سەۋەپتىن  باشقا دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

- **ئەنئەنىۋى پاناھلانغۇچى**(Conventional Refugee)

ئەنئەنىۋى پاناھلانغۇچى دىگىنىمىز، 1951-يىلىدىكى جەنۋە ئەھدىنامىسىدە بەلگۈلەنگەن ئاساسلار بويىچە پاناھلىق قوبۇل قىلىنغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ ئەنئەنىۋى پاناھلانغۇچىنىڭ شەرتلىرى خەلقئارا قانۇنلاردا تۆۋەندىكىدەك شەرھىيلەنگەن:

ئەنئەنىۋى پاناھلانغۇچى د ىگىنىمىز،  ئېرقى كىلىپ چىقىشى، مىللى تەۋەلىكى، دىني ئىتقادى، سىياسى كۆز قارىشى ۋە ئۆزىگە خاس بولغان مىللى ئۆرپ- ئادەتلىرى ياكى مەنسۇپ بولغان مەلۇم ئجتىمائى ياكى مەدىنى گۇرۇپپىلارغا خاس ئۆزگىچىلىكى سەۋەبىدىن، ئەسلىدە تەۋە بولغان دۆلىتىدە  ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئەركىنلىكى جىددى تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى ئۇچۇن ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە دەل شۇ سەۋەپلەردىن كەلگەن دۆلىتىگە قايتالمىغانلار ياكى ئۆز ئختىيارى بىلەن قايتىشنى خالىمىغانلار بولۇپ، پاناھلىق تەلەپ قىلغان دۆلەت ۋە ياكى ئورۇن تەرىپىدىن پاناھلىق ئىلتىماسى 1951-يىللىق جەنۋە ئەھدىنامىسى ئۆلچەملىرى بىلان قوبۇل قىلىنغان پاناھلانغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنئەنىۋى پاناھلانغۇچى سالاھىيتىدىكى كىشلەر، 1951-يىلىدا قوبۇل قىلىنغان جەنۋە ئەھدىنامىسى بويىچە، كەلگەن دۆلىتىگە مەجبۇرى  قايتۇرۇلۇشتىن قوغدىلىنىدۇ ۋە شۇنىڭدەك باشقا ھوقۇقلاردىنمۇ بەھرىمەن بولىدۇ. (  1951 جەنۋە ئەىدىنامىسى، 6-باپ 4-ماددا)

- **پاناھلىق تىلىگۈچى ياكى پاناھلىق سورىغۇچى** (Refugee Claimant)

پاناھلىق تىلىگۈچى بولسا خەلقارالىق قوغدىنىشقا ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى پاناھلىق تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ  ئومۇمى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۆزى تەۋە دۆلەتتىن باشقا دۆلەتكە كىلىپ  پاناھلىق تەلەپ قىلغان لىكىن پاناھلىق ئىشلىرى ھەققىدە تېخىچە ئاخىرقى قارار بېرىلمىگەنلەر ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان قانۇنى ئاتالغۇنى كۆرسىتىدۇ. ھەممە پاناھلىق تىلىگۈچى بىردەك پاناھلانغۇچى سالاھىيتىگە ئىگە بولىۋەرمەيدۇ. شۇندىقتىمۇ پاناھلانغۇچىلارنى، تاكى پاناھلىق ئىلتىمىسى ئادىل  بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغىچە كەلگەن دۆلىتىگە قايتۇرماسلىق ھەققىدە ئورتاق پىكىر بىرلىگى مەۋجۇت.

بۇ ھالەت مەيلى ئۆزى تۇرىۋاتقان دۆلەتتىن پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئۈچۈن بولسۇن ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىسسارلىقىدىن پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئۈچۈن بولسۇن بۇ سۆز ئوخشاش مەناغا كىلىدۇ.

- **يەرلەشتۈرۈلگەن پاناھلانغۇچى**( Resettled Refugee)

ئۆز دۆلىتىدىن قاچقان ۋە ئىككىنچى بىر دۆلەتكە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشقان ۋە 3- بىر دۆلەتكە مەڭگۈلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاناھلانغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىسسارلىقى تەرىپىدىن 3-دۆلەتكە مەڭگۈلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاناھلانغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، كانادا تەرىپىدىن يەرلەشتۈرۈلگەن پاناھلانغۇچىلار قاتارىدا تاللانغانلارنى، كانادا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بىلەن يۆتكەپ كىلىدۇ. كاندىداتلارنى بولسا، كۆپ ھاللاردا ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىغا ئىلتىماس قىلغان ۋە ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنغانلار ئارىسىدىن تاللايدۇ.

- **قوغدالغان كىشىلەر**(Protected Person)

قوغدالغان كىشى دىگىنىمىز، ئاساسەن ئەنەنىۋى پاناھلانغۇچى ياكى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلسا قىيىن قىستاق ۋە تەن جازاسىغا دۇچار بولىدىغىنى ئۈچۈن قوغدىنىشقا تىگىشلىك دەپ قارار قىلىنغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

كانادا كۆچمەنلەر ۋە پاناھلانغۇچىلارنى قوغداش قانۇنىدا بۇ ھەققدە مەخسۇس ماددا مەۋجۇت.

(Immigration and Refugee Protection Act, Canada)

- **دۆلەت تەرىپىدىن ماكانسىزلاشتۇرۇلغان كىشىلەر**(Internally Displaced Person)

ئۆزي ماكانلىرىدىن مەجبۇرى ھەيدەلگەن لىكىن يەنىلا شۇ دۆلەت چىگراسى ئىچىدە ماكانسىزلاشتۇرۇلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ . ھازىر خىتاي تەرىپىدىن ئۆز ماكانلىرىدىن باشقا يۇرتلارغا ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ كاتىگورىيەگە كىرىدۇ.

- **دۆلەتسىز ياكى دۆلەت تەۋەلىگىسىز كىشىلەر**(Stateless Person)

دۆلەتسىز كىشىلەر دىگىنىمىز، ھىچ بىر دۆلەت ئۆز پۇقراسى دەپ قوبۇل قىلمىغان ۋە ھىچ بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى قوغدىشىغا ئىگە بولمىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى پاناھلانغۇچىلار ھىچ بىر دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە ئەمەس بولۇپ، بارلىق دۆلەتسىز كىشىلەر ئاپتوماتىك ھالدا پاناھلانغۇچى دەپ قارالمايدۇ.

گەرچە كۆپ ھاللاردا سىياسى پاناھلانغۇچى، ئىقتىسادى پاناھلانغۇچى ياكى مۇھىت سەۋەپلىك پاناھلانغۇچى دىگەن ئاتالغۇلار كۆپ ئۇچرىسىمۇ، لىكىن بۇلارنىڭ ھىچ بىرى قانۇنى ئاتالغۇلەر ئەمەس.

پاناھلانغۇچى بىلەن كۆچمەننىڭ پەرقى نىمە؟

پاناھلانغۇچى ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدىن قاچقان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
كۆچمەنلەر بولسا ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقا دۆلەتكە ئورۇنلاشقانلارنى كۆرسىتىدۇ

**سالاھىيەتسىز كىشىلەر(Person Without Status)**

مەلۇم دۆلەت تەرىپىدىن شۇ دۆلەتتە قانۇنلۇق تۇرۇشى ئۈچۈن رۇقسەت بېرىلمىگەن ياكى قانۇنلۇق تۇرۇش رۇقستى ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ يەنە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە پاناھلىق ئىلتىمىسى رەت قىلىنغان لېكىن دۆلىتىدىكى ئومۇمى خېيىم خەتەر سەۋەپلىك قايتۇرۇۋېتىلمىگەن كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. .

- **كىملەر ئەنسىرەشكە تېگىشلىك كىشىلەر( Person of Concern) قاتارىغا كىرىدۇ؟**

ئەنسىرەشكە تېگىشلىك كىشىلەر بولسا، ب د ت پاناھلانغۇچىلار كومىسسارلىق تەرىپىدىن قوغداشقا ياكى جىددى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان ۋە كىرەك كۆرۈلگەن ھامان دەرھال ھەركەتكە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ كاتوگورىيەدىكى كىشىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**پاناھلەنغۇچىلار ۋە خەلقارالىق قوغدىنىشقا ئېھتىياجلىك كىشىلەر**

**دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان كىشىلەر**

**دۆلەت ئىچىدە ماكانسىزلاشتۇرۇلغان كىشىلەر**

**سابىق پاناھلانغۇچىلار ۋە دۆلەت ئىچىدە ماكانسىزلاشتۇرۇلغان كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز دۆلىتىگە قايتقانلار ۋە قايتۇرۇلغانلار.**

- **دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك موھىم نوقتا؛**

دىمەككى، پاناھلانغۇچى ۋە كۆچمەن دىگەن ئاتالغۇلار بىر بىرىدىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم ئۇقۇملار بولۇپ، بۇ ئىككى ئۇقۇمنى ئارلاشتۇرۇپ قويغاندا بولۇپمۇ پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن ھاياتى خېيىم خەتەر پەيدا قىلالايدۇ.
كۆچمەنلەر، ھىچ بىر ھاياتى بىخەتەرلىك خەۋپى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ ئورۇنلاشقان كىشلارنى كۆرسىتىدۇ شۇ سەۋەپتىن پاناھلانغۇچىلارغا بېرىلگەن قوغدىنىش ئىمكانلىرىغا ئىگە بولالمايدۇ.

- **1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى بويىچە بېكىتىلگەن پاناھلانغۇچى كىملەر؟**

ب د ت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى، پاناھلانغۇچىلار ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىما بېكىتكەن بولۇپ، كىملەرنىڭ قانداق شەرتلەر ۋە ئەھۋال ئاستىدا پاناھلانغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە قانۇنى ئىزاھات بەرگەن. شۇ سەۋەپتىن ناھايىتى موھىم خەلقارالىق بىر ھۆججەت ھېساپلىنىدۇ.

**1951 جەنۋە ئەھىنامىسى بويىچە پاناھلانغۇچى دېگەنلىك:**

1. ئىرقى تەۋەلىكى (تەن رەڭگى)، دىنى ئېتىقادى، مىللىتى، سىياسى كۆز قارىشى ۋە مەلۇم بىر ئىجىمائى گۇرۇپپىغا ئەزا بولغىنى ئۈچۈن، ھاكىمىيەتتىكى سىياسى ئورگان(دۆلەت ياكى ھۆكۈمەتلەر) تەرىپىدىن جازالىنىشى ئۈچۈن ئەملى ۋە يېتەرلىك قورقىسى بولغان،

2. ئۆزى تەۋە دۆلەت ۋە ياكى تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان،

3. جازالىنىش قورقىسى سەۋەبىدىن ئۆزى تەۋە دۆلەتتىن قوغدىنىشقا ئېرىشەلمىگەن ياكى تەۋە دۆلەتنىڭ قوغدىشىنى خالىمىغان، تەۋە بولغان دۆلەتكە قايتىشنى خالىمىغان.

4. پاناھلىنىش( قوغدىنىش) سالاھىيىتى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ياكى ئەسلىدىكى پاناھلىق تىلىشىگە سەۋەپ بولغان رېئالنى ۋەزىيەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىغانلىق سەۋەپلىك پاناھلانغۇچى سالاھىيىتى بىكار قىلىنمىغان كىشىلارنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، جەنۋە ئەھدىنامىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن 5 ئاساسلىق شەرتلەر پاناھلانغۇچىلارنى بېكىتىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق شەرتلەر بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن دۆلەتلەر پاناھلانغۇچىلارنى باھالىغاندا ئۆزگەرگەن ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ ئاساسلىق 5 شەرتنى كەڭەيتىپ ئىجرا قىلىۋاتىدۇ.
مەسىلەن جىنسى كەمسىتىش، مەجبۇرىي ئەسكەرلىكنى رەت قىلىش سەۋەپلىك جازالىنىشلار دىن قورقۇش قاتارلىقلارنىمۇ پاناھلىنىشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ دەپ قوبۇل قىلغان دۆلەتلەر خېلىلا كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا 1969-يىلى ئافرىقا بىرلىگى تەشكىلاتى( The Organization of African Unity) پاناھلانغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئۆز رايۇنىنىڭ ئەملى ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى شەرتلەرگە تۆۋەندىكى يېڭى شەرتلەرنى قوشتى:

- پاناھلانغۇچى دىگىنىمىز، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئىشغالى، ھۇجۇمى، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ھاكىمىيىتى ياكى ئاممىۋى تەرتىپلەرنى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي بۇزىدىغان تەدبىرلىرى سەۋەبىدىن ئۆز دۆلىتىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، 1984-يىلى، مېكسىكا ۋە پاناما قاتارلىق دۆلەتلەر بىر ئارىغا كىلىپ، رايۇن خاراكتېرلىق پاناھلانغۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كارتاگىنا باياننامىسى( [Cartagena Declaration on Refugees](#)) ئېلان قىلدى ۋە 1951- يىلدىكى جەنۋە پاناھلانغۇچىلار شەرتلىرىگە بەزى تولۇقلىما كىرگۈزدى:

كارتاگىنا باياننامىسى بويىچە، پاناھلانغۇچىلارنى باھالاش شەرتلىرىگە تۆۋەندىكى ماددا كىرگۈزۈلدى:

- ھاياتى بىخەتەرلىكى، ئاساسلىق ئەركىنلىكى، دۆلىتىدىكى ئومۇملاشقان زوراۋانلىق، چەتئەل ھۇجۇمى، ئىچكى توقۇنۇش، كىشىلىك ھوقۇقنى قىلىنغان كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىق ۋە ياكى باشقا ئاممىۋى تەرتىپنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان ۋەزىيەت سەۋەبىدىن ئۆز دۆلىتىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولغانلار پاناھلانغۇچى ھىساپلىنىدۇ.

- **1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى، دۆلەتلەر ئۈچۈن نىمە مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ؟**

ئۇشبۇ ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر، پاناھلانغۇچىلارنى تەۋە دۆلىتىگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئاساسى قانۇنغا ماسلاشتۇرۇپ ھەر خىل قانۇنلارنى ۋە بەلگىلىمىلەرنى  چىقىرىش قاتارلىق جاۋاپكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بەزى دۆلەتلەر بولسا، قېيىن قىستاق، تەن جازاسى، ئۆلۈم جازاسى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلە ۋە جازالاش ئۇسۇللىرى بار بولغان، ئىنسانلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان قىلمىشلارغا ئىگە دۆلەتلەرگە يالغۇز پاناھلانغۇچىلارنىلا ئەمەس باشقا كىشىلەرنىمۇ قايتۇرماسلىق ھەققىدە قانۇنى تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلدى.

- **1951 جەنۋە ئەھدىننامىسى قايتۇرماسلىق (Non-refoulement) پىرىنسىپى**

پاناھلانغۇچىلارنى مەجبۇرى قايتۇرماسلىق ياكى قايتۇرماسلىق پىرىنسىپى، پاناھلانغۇچىلارنى دۇنيا مىقياسىدا قوغداشنىڭ ئانا پىرىنسىپىدۇر. 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ 33(1) ماددىسىدا تۆۋەندىكىلەر كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

" ئەھدىنامىگە تەرەپدار بولغان، يەنى ئىمزا قويغان ھەر بىر  دۆلەت، مەيلى نىمە سەۋەپتىن بولسا بولسۇن ھېچبىر شەكىلدە ياكى ئۇسۇلدا ئىرق تەۋەلىكى، دىنى ئېتىقاتى، مىللىتى، سىياسى كۆز قارىشى ۋە مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائى گۇرۇپپىلارغا خاس بولغان ئۆزگىچىلىكى نەتىجىسىدە، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەركىنلىكى تەھدىتكە ئۇچرايدىغان دۆلەتكە، شۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسىگە قايتۇرۇشقا بولمايدۇ"

بۇ يەردىكى ھېچ بىر شەكىلدە ياكى ئۇسۇلدا دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى، "قايتۇرماسلىق پىرىنسىپى" بويىچە،   قايتۇرماقچى بولغان دۆلەتنىڭ، پاناھلانغۇچىلارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا پاناھلانغۇچى

ئەسلىدە  تەۋە بولغان دۆلەتكە  قايتۇرۇش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىكىگە  تەھدىت پەيدا قىلىدىغان بارلىق  قىلمىشلىرىغا قارىتىلىدۇ.

بارلىق پاناھلانغۇچىلار ۋە پاناھلىق ئىلىماسى قىلغانلار ئەسلىدىكى تەۋە دۆلەتكە قايتۇرىلىشتىن قوغدىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ دىگەنلىك، پاناھلىق ئىلتىمسى بەرگەن لىكىن ئىلتىماسى تېخى بىر تەرەپ بولمىغانلارمۇ مەجبۇرى قايتۇرىلىشتىن قوغدىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

1951 جەنۋا ئەھدىنامىسى (Geneva Convention 1951) نىڭ 33(2) ماددىسى، مەجبۇرى قايتۇرۇلماسلىق پىرىنسىپى ھەققىدە ئىككى ئالاھىدە ئەھۋالنى ئوتتۇرگىغا قويغان. ئۇ بولسىمۇ، مەزكۇر شەخسنىڭ پاناھلىق ئىلتىمسى تاپشۇرغان ياكى ئۆزى تۇرىۋاتقان دۆلەتكە، شۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك( تىررورىزىم) جەھەتتىن خېيىم-خەتەر پەيدا قىلىشى ھەققىدە ئىشەنچلىك ئاساس بولغان ئەھۋالدا، يەنە بىرسى، ئاممىۋى بىخەتەرلىككە تەھدىت پەيدا قىلىدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەن  ئەھۋال ئاستىدا، مەجبۇرى قايتۇتۇلماسلىق پىرىنسىپى كۆچكە بولماي قىلىشى مۇمكىن.

شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى، دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ 33(2) ماددىسىنى بويىچە ھەر قانداق كىشىنىڭ، يەنى پاناھلانغۇچى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، قېيىن قىستاق، تەن جازاسى، رەھىمسىز مۇئامىلە، خور كۆرۈش ۋە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا  قىلىنىۋاتقان دۆلەتلەرگە مەجبۇرى قايتۇرىلىشىنى توسايدۇ.

- **دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك دۆلەت ۋە رايۇنلار.**

پاناھلانغۇچىلارنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق قانۇنلار ۋە  جەنۋە ئەھدىنامىسى قاتارلىق ئۇنىۋىرسال تەسىرگە ئىگە ھۆججەتلەر كۆپلىگەن دۆلەت ۋە خەلقئارالىق ئورگانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قانۇنى ئورنىدا تولۇق ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ لىكىن بەزى دۆلەت ۋە رايۇنلار تېخىچە بۇ قانۇنلارنى ياكى تەستىقلىمىدى ياكى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ كەلدى.  ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار مانا بۇنداق دۆلەتلەردە ناھايتى ھۇشيار بولۇشى ناھايتى موھىم. بۇ دۆلەت ۋە رايۇنلار ھەققىدە قىسقىچە تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئوتتۇرا شەرق ۋە  ئاسىيا دۆلەتلىرى،  تا ھازىرغىچە پاناھلانغۇچىلار قانۇنى ۋە پاناھلانغۇچىلارنى قوغداش بەلگىلىمىلىرى   ھەققىدە رايۇن ۋە ياكى  دۆلەت خاراكتىرلىق ھىچ بىر ئاپارات ئوتتۇرىغا چىقارمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلەردە پاناھلانغۇچىلارنى قوغداش توغرىسىدا ئېنىق  قانۇن ۋە مېخانىزىم يوق.

1994-يىلى ئەرەپ دۆلەتلەر بىرلىگى، ئەرەپ دۆلەتلىرىدىكى پاناھلانغۇچىلارنى رەتكە سېلىش ھەققىدە بىر بايانناما ئېلان قىلغان بولسىمۇ لىكىن پەقەت كۈچكە ئىگە بولمىدى. 2017-يىلى ئۆكتەبىردە بۇ بىرلىك پاناھلانغۇچىلار ھەققىدە  يەنە بىر ئەھدىنامە ئېلان قىلغان بولدى.

2001- يىلى ئاسىيا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرى پاناھلانغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئۇلارغا تۇتىلىدىغان مۇئامىلە ھەققىدە تۈزىتىلگەن نۇسخىسى بىلەن يېڭىلانغان باڭكوك پرىنسىپىنى ئىلان قىلدى. مەيلى باڭكوك پرىنسىپى بولسۇن ياكى ئەرەپ بىرلىكى ئەھدىنامىسى بولسۇن ھەر ئىككىسى، 1969-يىلىدىكى ئافرىقا بىرلىگى تەشكىلاتى ( Organization of African Unity) بىكىتكەن پاناھلانغۇچىلار ھەققىدىدىكى پاناھلانغۇچىلار ئىنقىلمىسىنى ئورتاق قوبۇل قىلغان بولدى.

ھەتتا ئەرەپ بىرلىكى ئەھدىنامىسى، پاناھلانغۇچىلار ھەققىدە بىكىتكەن ئىنىقلىمىسىنى تېخىمۇ كەڭەيتىپ، ئاممىۋى تەرتىپنى بۇزىدىغان پالاكەت خاراكىرلىق ۋە پاجىئەلىك ۋەقەلەردىن قاچقانلارنىمۇ پاناھلانغۇچىلار كاتىگورىيەسىگە كىرگۈزگەن.

2012- يىلى ئىسلام ئىشبىرلىگى تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلىرى تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشقاباتتا مىنىستىرلار يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ ئورتاق بايانات قوبۇل قىلدى ۋە بۇ باياناتتا، " 14 ئەسىردىن بۇيان ئىسلامنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى قوغداش ھەققىدە ناھايىتى ئېسىل ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت ۋە تارىخى مىراسقا ئىگە ئىكەنلىكى" تەكىتلەندى.

لىكىن بۇ باياناملەر ۋە ئەھدىملەر پەقەتلا يازما بايانات شەكلىدە ساقلىنىپ قالدى ۋە قانۇنلىشىپ تولۇق ئىجرا قىلىنىدىغان بىر مېخانىزىمغا ئايلىنالمىدى. شۇ سەۋەپتىن پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقى بۇ دۆلەت ۋە رايۇنلاردە ئېغىر ئاقىبەتلەرگە دۇچار بولماقتا. ئەسۇسكى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار بۇ دۆلەتلەر تەرىپىدىن تۈركۈملەپ خىتايغا قايتۇرۇلدى. مىسال ئۈچۈن مىسىر دۆلىتى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن يۈزلەرچە ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## II- قىسىم
## خەلقئارالىق قانۇنلار، خەلقئارالىق ئورگانلار ۋە پاناھلانغۇچىلار

### 1- بۆلۈم: پاناھلانغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا قانۇنلار

بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش پاناھلانغۇچىلارمۇ خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بۇ قانۇنلار، پاناھلانغۇچى شۇ دۆلەت تەۋەلىكىدە ياشىغان بولسۇن ياكى شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنى ئىمتىيازى ئاستىدىكى رايۇنلاردا ياشىغان بولسۇن ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە.

1948-يىلىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئۇنىۋېرسال باياننامىسى جەزملەشتۈرگىنىدەك، "بارلىق ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىلا ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ھەق ھوقۇق جەھەتتىن ئەركىن ۋە باراۋەر تۇغىلىدۇ"

پاناھلانغۇچىلار ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەر، بىر بىرىنى كۈچلەندۈرۈدىغان ئىككى خەلقئارالىق قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. دۆلەتلەر، بۇ خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدىكى مەجبۇرىيىتى ئاساسىدا، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، بۇلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە.

يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، خەلقئارالىق قانۇنلار تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ھوقۇقلاردىن، مەسىلەن،  قىيىن-قىستاقلارنى ۋە قۇللۇقنى چەكلەش قاتارلىق ھەق ھوقۇقلارنى، دۆلەتلەر ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا ئۆز مەيلىچە چەكلىيەلمەيدۇ ۋە ئاسقىغا ئالالمايدۇ.

قىيىن-قىستاقنى چەكلەش ۋە بالىلار ھوقۇقىنى قوغداش ھەققانىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامىلارمۇ پاناھلانغۇچىلارنى ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى قوغداشتىكى موھىم ۋاستىلاردۇر.

بەزى موھىم بولغان  ۋە ب د ت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان خەلقئارالىق ئەھدىنامىلار تۆۋەندىكىچە:

قىيىن-قىستاق ۋە تەن جازاسىنى چەكلەش ھەققىدىكى ئەھدىنامە.

بالىلار ھەق ھوقۇقىنى قوغداش ئەھدىنامىسى.

ئاممىۋى ۋە سىياسى ھەق ھوقۇقلارنى قوغداش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى

ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق ئايرىمچىلىقنى بىكار قىلىش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى

مىيىپلارنىڭ ھەق ھوقۇقىنى قوغداش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى

مەجبۇرى غايىپ قىلىنىشتىن قوغدۇنۇش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى

ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەد ىنى ھەق ھوقۇقلار خەلقئارا كېلىشىمى

بارلىق ئىرقى كەمسىتىشنى بىكار قىلىش خەلقئارالىق ئەھد ىنامىسى

پاناھلانغۇچىلار ۋە كۆچمەنلەر ھەققىدىكى نيۇ يورك جاكارنامىسى

تەن جازاسى، قەبىھ ، ئىنسانغا يات مۇئامىلە ۋە خورلاش خاراكتېرلىق مۇئامىلىلەرنى تۈپتىن چەكلەش خەلقئارا ئەھد ىنامىسى.

2-  بۆلۈم: كۆپ ئۇچرايدىغان قىسقارتىلما ئاتالغۇلار ۋە خەلقئارالىق ئورگانلار

(COI-Country of Origin Information)

ئەسلى دۆلەت تەۋەلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇر

(CRC-Convention on the rights of the Child)

بالىلار ھوقۇقى ئەھد ىنامىسى

CRPD-Convention on the Rights of Persons with Disabilities
مېيىپلارنىڭ ھەق ھوقۇقى ھەققىدىكى ئەھدىنامە

CTD- Convention travel document
ساياھەت پاسپورتى ئەھدىنامىسى

HRC- UN Human Rights Committee
ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتىتى

IARLJ- International Association of Refugee Law Judges
پاناھلانغۇچىلار قانۇنى سوتچىلىرىنىڭ خەلقئارالىق بىرلەشمىسى

ICC- International Criminal Court
خەلقئارا جىنايەت سوتى

ICCPR-International Covenant on Civil and Political Rights
ئاممىۋى ۋە سىياسى ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى

ICERD- International Convention on the Elimination of All Forms of Racial Discrimination
بارلىق شەكىلدىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى يىكار قىلىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى

ICESCR-International Covenant on Economic, Social and Cultural Rights
ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ۋە مەدىنى ھوقۇقلار خەلقئارالىق كېلىشىمى

ICRC -International Committee of the Red Cross
خەلقئارا قىزىل كرىست كومىتىتى

IDP Internally displaced person
دۆلەت ئىچىدە ماكانسىزلاشتۇرۇلغان كىشى

IFRC- International Federation of Red Cross and Red Crescent Societies
قىزىل كرىست ۋە قىزىل ئاي خەلقئارالىق فىدىراتسىيەسى

European Asylum Support Office
ياۋروپا پاناھلانغۇچىلارنى قوللاش ئىشخانىسى

NHRI National human rights institutions
دۆلەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ئىنىستىتۇتى

OCHA- UN Office for the Coordination of Humanitarian Affairs
ب د ت نىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك خىزمەتلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش ئىشخانىسى

OHCHR- UN Office of the High Commissioner for Human Rights
ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسى

OIC-Organization of the Islamic Conference (now Organization of Islamic Cooperation)
ئىسلام ئىش بىرلىكى تەشكىلاتى

TPS-Temporary protected status (provided in United States of America)
ۋاقىتلىق قوغدىنىش سالاھىيىتى( ئامرىكا تەرىپىدىن بېرىلگەن)

UASC-Unaccompanied or separated child
ئاتا ئانىسى ھەمرا بولمىغان ياكى ئاتا ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن بالا

UDHR -Universal Declaration of Human Rights UN United Nations
كىشىلىك ھوقۇق ئۇنىۋېرسال جاكارنامىسى

UNHCR United Nations High Commissioner for Refugees
ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارى

## III – قىسىم
## ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار

### 1- بۆلۈم: ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارغا قىسقىچە نەزەر

دۇنيا ۋە رايون خاراكتېرلىق ئۇرۇشلار، ئىنسانى ھەق ھوقۇقنى قىلىنغان ئېغىر دەپسەندىچىلىكلەر، دىنى ۋە مىللى كىلىپ چىقىشقا قارىتىلغان دۈشمەنچە سىياسەتلەر سەۋەبىدىن جازالىنىشلار، ئۆي ماكانلىرىدىن ھەيدەلگەنلەر ۋە يېقىنقى يىللاردىكى مۇھىت ئۆزگىرىشى سەۋەبىلىك يۇرت ماكانلىرىنى يوقاتقانلار، ئۆز دۆلىتىدە يېتەرلىك قانۇنى قوغدىنىشقا ۋە ھەق ھوقۇق كاپالىتىگە ئېرىشەلمىگەنلەر ...... دۇنيا مىقياسىدا پاناھلانغۇچىلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىۋاتقان ئامىللار ھىساپلىنىدۇ.
بۇ خىل خەلقئارالىق كرىزىس ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيەسى 21-ئەسىردىكى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ يۈز قارىسى بولۇپ خاتىرلەنسىمۇ، خىتاينىڭ مىللى ۋە مەدىنى قىرغىنچىلىقىنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرى بولۇپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇۋاتقان ۋە خاتىرجەم 3- دۆلەتتە ئىنسانىدەك ياشاش ۋە ئائىلە قۇرۇشتىن باشقا غايە مۇددىاسى بولمىغان ئونمىڭلارچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى كۈندىلىك ھاياتنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ داۋام قىلىدۇ. ھەرقانداق تەسەللى ۋە كۆڭۈل ياساس سۆزلىرى خاتىرجەم ھاياتقا ئىنتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمىلى قىينچىلىقىنى يەڭگىللەتمەيدۇ.
ھىم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، ھەم مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ۋە خەلقئارا ئورگەنلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى ۋە سەپەرۋەرلىكى بولاستىن بۇ مەسىلا تۈپ يىلتىزىدىن ھەل بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار پەقەت ۋە پەقەت ئۆزلىرىنى ھەر جەھەتتىن قوغداپ ھىمايە قىلىدىغان بىرەر دۆلەتتە جاتىرجەم ياشاش ئىمكانىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ كېيىنكى ئەۋلاتلارنى تەربىيلەش، مىللى ۋە مەنىۋى قىممەتلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس داۋاسىغا زۆرۈر بولغان كېيىنكى ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىنمۇ دائىما توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

شۇ سەۋەپتىن بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتىرجام 3-دۆلەتكە ئورۇنلىششى ۋە ئائىلىسى بىلەن يېڭىدىن ھاياتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىشى يالغۇز ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، مۇنا سىۋەتلىك دۆلەتلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ئەمەس بەلكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ جەريانلار بىلەن ياخشى تونۇشۇپ چىقىشى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنى ھەق ھوقۇقلىرىنى بىلىشى ۋە توغرا يەردە ئىشلىتەلىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار قوللانمىسى بۇ ھەققىدىكى قانۇنى ئاتالغۇلار، قانۇنلار ۋە موھىم بولغان بەزى دۆلەتلەردە بۇ قانۇنلارنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىش جەريانلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋات بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ئۆزۈن يولچۇلىقىغا ئازدۇر كۆپتۇر ئىلمى ئاساس سېلىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ يولچۇلىقىنى قولايلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزەپىسى دەپ بىلىدۇ..

نورمال پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرى تەۋە دۆلەتتىكى قانۇنى قوغدىنىش ھەققى ۋە قانۇنى ھوقۇق ئېغىر دەپسەندىگە ئۇچرىغاندا، دىنى ۋە مىللى خورلاش، دىنى ۋە مىللى ئۆچمەنلىك ۋە شۇنداقلا دىنى، مىللى، سياسى، ئۆرپ-ئادەت ھەم ئالاھىدا خاسلىققا ئگە مەدىنى ئەنئەنىلىرى جەھەتتىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى دۆلەت ئاپاراتلىرى تەرىپىدىن ئېغىر جازالىنىش خەتىرىگە دۇچ كەلگەندە ۋە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىز يۇقىرىدا توختالغاندەك مەجبۇرى ماكانسىزلاشتۇرۇش (دىموگرافىك ئۆزگىرىش)، مەجبۇرى غايىپ قىلىنىش،

ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا زورلۇنۇش، ھازىرقى لۇغەتتە مۇۋاپىق ئاتالغۇ بولمىغان يۇقۇرى تەخنىكىلىق كونترول، كىچە كۈندۈز كۈزۈتۈش، روھى، جىسمانى جەھەتتىن تولۇق تەقىپ ئاستىدا قىلىش قاتارلىق بارلىق دۆلەت ئاپاراتىنىڭ زەربىسى ئاستىدىكى قەبىھ زۇلۇمغا دۇچ كەلگەندە بۇ نورمال پۇقرالارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەۋە دۆلەتلىرىدىن قېچىپ بىخەتەر دۆلەتلەرگە سەپەر قىلىشتەك ئىنسانى پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ تەبىئى ئەھۋال.

گەرچە، دۆلەتلەر ئۆز ئاساسى قانۇندىكى مەجبۇرىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قانۇنى ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا ياناشمىغان ياكى قەستەن قوغدىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئەھۋالغا ئورتاق ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغدىشى ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى ئېلىشى ھەر بىر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىدا باش بەتلەرگە چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ سىياسى نەيرەڭۋازلىقى، سىياسى ھىيلە مىكىر ۋە نوپۇز كۈچى قاتارلىقلار، قانۇنى 2- ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان، سىياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتلەرنى 1- ئورۇنغا قويىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ۋە بۇ خىل سىياسى ئويۇنلارنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرىنىڭ يەنە ئۇيغۇرلار بولۇپ كەلگەنلىكى يېقىنقى تارىسمىزدىكى ئاچچىق بىر رىئاللىق.

دۆلەت زالىملاشقاندا كىلىپ چىققۇسى پاجىئەلەرنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرى بولسا ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلار ۋە باشقا چارىسىز قالغان پۇقرالاردۇر.

يۇقارقىدەك ئەھۋال ئاستىدا كۆپلىگەن پاناھلىق تىلىگۈچىلەر قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرىلىدىغان، كىشىلىك ھەق ھوقۇقلار ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكلەر كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان دۆلەتلەرگە مۇراجەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى، ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە خەلقئارالىق بىر مەسىلىگە ئايلانغان بولىدۇ.

پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ۋە پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرى دەل مۇشۇ سەۋەپتىن دۆلەت ھالقىغان خەلقئارالىق ئەھدىنامە ۋە كېلىشىمنامىلەر بىلەن قوغدىلىش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشقا ئېھتىياجلىق ھالقىلىق مەسىلە ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمۇ دەل مۇشۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بىز يۇقۇرىدا توختالغان 1951-يىللىق جەنۋە پاناھلانغۇچىلار ئەھدىنامىسى ۋە 1967-يىللىق قوشۇمچە پروتوكول قاتارلىق قانۇنى ھۆججەتلەر مۇشۇ سەۋەپلىك ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ قانۇنى ھۆججەتلەرنىڭ ئىجرا بولىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى بولسا دۇنيا مىقياسىدىكى پاناھلانغۇچىلار خىزمىتىنى بىر تۇتاش يۈرۈشتۈرىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان موھىم ئورگاندۇر.

## 2- بۆلۈم: قايتۇرۇلماسلىق پرىنسىپى ۋە قانۇنسىز چېگرادىن كىرگۈچىلەر

1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ موھىم ماددىسىنىڭ بىرسى بولغان قايتۇرۇلماسلىق پرىنسىپىنى بىز يۇقۇرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ ئەھدىنامىنىڭ يەنە موھىم بىر ماددىسى بولسا چېگرادىن قانۇنسىز كىرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ يەردە بۇ ھەققىدە قىسقىغىنە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**چېگرادىن قانۇنسىز كىرگۈچىلەر ۋە 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى**

- 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ 31-ماددىسى

1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ 31-ماددىسى، چېگرالاردىن قانۇنسىز كىرگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ جازالاندۇرۇلماسلىقى، تۇتقۇن قىلىنماسلىقى ۋە قوغدىنىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرنى بىكىتكەن:

**بۇ ئەھدىنامىغا تەرەپ بولغان ھېچ بىر دۆلەت، پاناھلانغۇچى ئەسلىدە تەۋە دۆلەتتىدىن ھاياتى خېيىم خەتەر قورقىسى ۋە ئەڭ ئاددى ئىنسانى ئەركىنلىكى تەھدىت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ بىر ۋىزا ۋە كىرىش رۇقسىتى بولماي تۇرۇپ چېگرادىن كىرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى خەۋپى ئۈچۈن پاناھلىق تىلىگەن پاناھلانغۇچىنى جازالىيالمايدۇ ۋە ئۇلارنى تۇتقۇن قىلالمايدۇ.**

**بۇ ئەھدىنامىگە تەرەپ بولغان ھېچ بىر دۆلەت، پەۋقۇلئاددە شۇنداق زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغىچە، ھەمدە تاكى مەزكۇر كىشىنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسى بىر تەرەپ قىلىنغۇچە ۋە ياكى يەنە بىر بىخەتەر دۆلەتكە كىرىش رۇقسىتى ھەل بولۇپ بولغىچە، ۋىزاسىز كىرگەن مەزكۇر پاناھلانغۇچىنىڭ ھەركەت ئەركىنلىكىنى توسىيالمايدۇ.**
بۇ موھىم ماددا كۆپلىگەن ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ بىلىشىگە تېگىشلىك ماددا بولغىنى ئۈچۈن بۇ يەردە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندىكى تىزىملىكتىكى دۆلەتلەر دەل 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىغا تەرەپتار دۆلەتلەردۇر

**2- بۆلۈم: 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى ۋە 1967 قوشۇمچە پروتوكولغا ئىمزادار دۆلەتلەر**

1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىغا ۋە 1967 قوشۇمچە پروتوكولغا تەرەپ بولغان ياكى ئىمزا قويغان بەزى دۆلەتلەر:

تاكى 2015- يىلغىچە 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىغا تەرەپ بولغان دۆلەتلەر سانى 145.
1967-يىللىق قوشۇمچە پروتوكولغا تەرەپ بولغان دۆلەت سانى 146.
ھەم 1951 جەنۋە ئەھىنامىسىغا ۋە 1967 قوشۇمچە پروتوكولغا تەرەپ بولغان دۆلەت سانى 142.
بۇلار ئىچىدە تۆۋەندىكى دۆلەتلەر بار.

٥

ئافغانىستان، ئالبانىيە، ئالجىرىيە، ئانگولا، ئانتىگۇا ۋە باربۇدا، ئارگېنتىنا، ئەرمېنىيە، ئاۋستىرالىيە، ئەزەربەيجان، باھاما، بېلارۇسىيە( بەياز رۇسىيە)، بىلگىيە، بەلىزىيە، بەنىن، بولىۋىيە، بوسنىيە، بوتسۋانا، برازىلىيە، بۇلغارىيە، بۇركىنا فاسو، بۇرۇندى، كابۇ ۋەردە، كامبودژا، كامىرۇون، كانادا، مەركىزى ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، چاد، چىلى، خىتاي( 1982-يىلى 24-سىنتەبىر قوبۇل قىلغان)، كولۇمبىيە، كونگو، كوستا

رىكا، كرودىيە، سىپرۇس، چەخ جۇمھۇرىيىتى، دانىيە، كونگو دىموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، جىبۇتى، دومىنىكا، ئېكۋاتۇر، مىسىر، ئەل سالۋادور، ئېكۋاتۇر گىۋىنىيەسى، ئېستونىيە، ئېفوپىيە، فىجى، فىنلاندىيە، گابون، گامبىيە، گېروزىيە، گېرمانىيە، گانا، گېرىتسىيە، گۇئاتىمالا، گىۋىنىيە، خايتى، ھوندۇراس، ۋېنگرىيە، ئىزلاندىيە، ئىران، ئىرلاندىيە، ئىسرائىل، ئىتالىيە، جامايكا، ياپونىيە، قازاقىستان، كېنىيە، قىرغىزىستان، لاتۋىيە، لىبېرىيە، لىشتەنىستىن، لىتۋانىيە، لۇكسىمبۇرگ، ماداگاسكار، مالاۋى، مالى، مالتا، ماۋرىتانىيە، مېكسىكا، موناكو، ماراكەش، موزامبىك، نامبىيە، ناۋرۇ، گوللاندىيە، يېڭى زېلاندىيە، نىكاراگۇئا، نىگېر، نىگېرىيە، نورۋېگىيە، پاناما، پاپۇئا يېڭى گىۋىنىيە، پاراگۋاي، پېرۇ، فىلىپپىن، پولشا، پورتۇگالىيە، كورىيە، مولداۋا، رومانىيە، رۇسىيە، رۋاندا، ساموئا، سېنېگال، سېربىيە، سەيشەل ئارىلى، سىررە لىئون، سلوۋاكىيە، سلوۋانىيە، سولومون ئاراللىرى، سومالىيە، جەنۇبى ئافرىقا، سۇدان، سۋايزىلەند، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، تاجىكىستان، سابىق يوگوسلاۋىيە، تىمۇر-لەستە، توگو، ترىنىداد ۋە توباگو، تۇنىس، تۈركىيە، تۈركمەنىستان، تۇۋالۇ، ئۇگاندا، ئۇكرائىنا، ئەنگلىيە، شىمالى ئىرلاندىيە، تانزانىيە، ئامېرىكا، ئۇرۇگۋاي، ۋېنېزۇئېلا، يەمەن، زامبىيە، زىمبابۋې.

## 3- بۆلۈم: پاناھلانغۇچىلار باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا كىرىپ پاناھلىق تىلىيەلەمدۇ؟

مۇھاجىرەتتىكى كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز پاناھلىق تىلەش تەقەززاسى بىلەن ۋە بولمىسا بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن بەزىدە باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ھەممە ئۇچۇرنى رىياللىق دەپ ھېساپلاپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا ئۇسسۇپ كىرىپلا پاناھلىق تىلەش خىيالىدا بولىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت ئېكۋاتۇر دۆلىتىلا ئۆز دۆلىتىنىڭ سىرتىدىكى ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىقمۇ پاناھلىق قوبۇل قىلىدۇ. باشقا دۆلەتلەر بولسا ھازىرقى مەۋجۇت قانۇنلىرى ئۆزگەرمىگەن شارائىت ئاستىدا ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق پاناھلىق قوبۇل قىلمايدۇ. بولۇپمۇ بارلىق غەرپ دۆلەتلىرى بىردەك ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق پاناھلانغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ.

پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكا ۋە بەزى غەرپ دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق بەزى يۇقۇرى دەرىجىلىك چەتئەل دىپلوماتلىرىغا ۋاقىتلىق قوغدىنىش بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بولۇپ, بۇ ئەھۋال خۇددى ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرغىنىدەك ۋاقىتلىق قوغدىنىشنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك پاناھلىق ھېساپلانمايدۇ. پەقەت بۇ ئەھۋاللار پەۋقۇلئاددە شەرت ئاستىدا ۋە ۋاقىتلىق قوغدىنىش تەلەپ قىلغۇچىنىڭ سىياسى ۋە باشقا تەسىر كۈچى قاتارلىق ئامىللارغا چېتىشلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ھازىرچە پايدىلىنالايدىغان بىر چىقىش يولى ئەمەس.

## 4- بۆلۈم: ۋىزاسىز ياكى قانۇنسىز ھالدا چېگرادىن كىرىش




بۇ گرافىك كانادادا، كانادا كۆچمەنلەر مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن  تارقىتىلغان چۈشەندۈرۈش بولۇپ، ئەسلىدە قانۇنسىز ھالدا كاناداغا چېگرا ئاتلاپ كىرگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ كانادادا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى،  يەنى كانادا دۆلىتىنىڭ بۇ خىل قانۇنسىز ھالدا چېگرا ئاتلاپ كاناداغا پاناھلانغۇچى بولۇپ كەلمەكچى بولغانلارغا تۇتىدىغان مۇئامىلىسىنى ناھايتى ياخشى ئىخچاملايدۇ. يەنى كانادادا ۋىزاسىز ياكى رۇقسەتسىز كىرىش كانادا تەرىپىدىن  قانۇنسىزلىق ياكى جىنايەت دەپ قارالمايدۇ. سەۋەبى ھاياتى بىخەتەرلىكى تەھدىت قىلىنغان كىشىنىڭ زۆرۈر بولغان ساياھەت ۋىزىلىرىنى تەييارلاپ پاسپورتلىرىنى ئېلىپ ھەممىنى تەق قىلىپ يولغا چىقىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن كانادا ۋە باشقا ئىلغار دۆلەتلەر پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى جەھەتتىن يولۇققان جىددى  تەھدىتلەردىن قېچىش ۋە ھاياتىنى بىخەتەرلىككە ئېرىشتۈرۈشنى ئالىنقى ئورۇندا قويۇپ، پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاسپورتىنىڭ بار يوقلىقى، كاناغا كىرىشى رۇقسىتىنىڭ بار يوقلىقىنى كېيىنكى پىلانغا قويغان ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىيغان.

## 5-  بۆلۈم: پاناھلانغۇچىلار ۋە پاناھلىق بەرگۈچى دۆلەتتىكى سىياسى مۇھىت

پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى كۆپلىگەن  دۆلەتلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، سىياسى پارتىيەلەر سايلىغۇچى خەلق ئاممىسىنىڭ رايىغا قاراپ ھەركەت قىلىدۇ. ئەگەر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا پاناھلانغۇچىلارغا قارىتىلغان چۈشەنچىلەر ئايدىڭ بولمىسا خەلق ئارىسىدا پاناھلانغۇچىلارغا قارىتىلغان سەلبى ئوبراز چوڭقۇرلاپ بارىدۇ ۋە ئاخىردا پاناھلانغۇچىلارغا جەمىيەتنىڭ ئاساسلىق قىسمى قارشى چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، پاناغلانغۇچىلار بىزنىڭ ئىش ئىمكانلىرىمىزنى ئىگىلىۋالدى ۋە بىز شۇ سەۋەپتىن ئىشسىز قالدۇق، ياكى پاناھلانغۇچىلار بىزگە يۈك بولۇپ ئىقتىسادى جەھەتتىن دۆلەتكە بېسىم ئېلىپ كەلدى دىگەندەك ھەر خىل سەۋەپلەرنى چۈشەنچىلەر رول ئوينايدۇ. بەزى دۆلەتلەر بولسا بۇ خاتا چۈشەنچىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقلەرنىڭ پاناھلانغۇچىلار ھەققىدە توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىغا قارىتىلغان تەشۋىقاتلارنى ئۈزلۈكسىز كۆچەيتىۋاتىدۇ.

تۆۋەندىكىسى ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى  كومىسسارلىقى تارقاتقان ۋە كانادا دا كەڭ تارقالغان رەسمى پاكىتلىق مەلۇمات بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلار دەل خەلقنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئايدىڭلىششى ئۈچۈن چىقىرىلغان.

1- گىرافىك بولسا، چېگرادىن قانۇنسىز كىرگەنلەرنىڭ، نورمال يولدىن كىرگەنلەرنىڭ نۆۋىتىنى ئىلىۋالمايدىغانلىقى ھەققىدە بولۇپ، بۇ گىرافىكمۇ كانادادا رەسمى يولدىن كىرگەنلەرنىڭ ئەندىشىسىنى يوق قىلىشقا قارىتىلغان.




بۇ كىيىنكى گىرافىك بولسا، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەرگىزمۇ كانادانىڭ ئىقتىسادىغا يۈك بولمىغانلىقىنى، دەل ئەكسىچە پاناھلانغۇچىلارنىڭ كانادا ئىقتىسادىغا ھەر جەھەتتىن تۆھپە قوشاۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ناھايىتى پايدىلىق ستاتىستىكىلىق كۆرسەتكۈچ بىلەن كانادا ئاھالىسىگە تارقىتىلغان.
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل جەمىيەتتە مەۋجۇت بولغان پاناھلانغۇچىلار ھەققىدىكى سەلبى چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ ئىشلەنگەن تەشۋىقات ماتىرىياللىرىدۇر.




لىكىن ھەممە دۆلەتلەرنىڭ تۇتقان يولى ئوخشاش ئەمەس. كۆچمەنلەر ۋە پاناھلانغۇچىلار سەۋەبىدىن بەزى دۆلەتلەردە كۆچمەنلەرگە قارشى سىياسى ئىقىمنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقى، كۆچمەنلەرگە قارشى تۇرۇش

نۇتۇقلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى، شۇ سەۋەپتىن ئېرقچى ۋە كۆچمەنلەرنى ياقلىمايدىغان سىياسى پارتىيەلەرنىڭ بارغانسىرى كۆپ قوللاشقا ئېرىشىۋاتقانلىقى بىر رېئاللىق.

قوللانمىنىڭ يۇقىرىدىكى بۆلىمىدا بىز، پاناھلانغۇچىلار، پاناھلىق ئىلتىمسا سۇنغانلار، كۆچمەنلەر، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەلقارالىق قانۇنلار، پاناھلانغۇچىلارنىڭ سالاھىيتىنى بىكىتىشتىكى ئاساسلىق شەرتلەر ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇماتلارنى بېرىپ ئۆتتۇق.

تۆۋەندە بولسا پاناھلىق ئىلتىماس قىلىش جەريانلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىملار بويىچە زۆرۈر دەپ قارالغان مەلۇماتلارنى سىلەرگە تەقدىم قىلماقچى.

## IV- قىسىم پاناھلىق جەريانلىرى

### 1-  بۆلۈم: پاناھلىق ئىلتىماسى بېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار

**زۆرۈر بولغان ماتىرىياللارنى تەييارلاش**

پاناھلىق ئىلتىماسىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى ھالقىلىق ماتىريال بولۇپ، بۇلار بولسا كىملىك ھەققىدىكى ماتىرىياللار ۋە پاناھلىق تىلەش سەۋەپلىرى ھەققىدىكى تەييارلىنىش تەلەپ قىلىنغان بايانىنامە  بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

كىملىك ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىككى تۈرلۈك موھىم رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى پاناھلانغۇچىنىڭ سالاھىيتىنى بىكىتىپ چىقىش، يەنى پاناھلانغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە، قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىگە دائىر پەيدا بولغۇسى سوئاللارغا جاۋاپ تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋاپىقا ۋە قانائەتلىنەرلىك ئوچۇقلۇققا ئېرىشىشى  بولسا پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بېرىلىدىغان قارارغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.  يەنە بىر جەھەتتىن مەزكۇر پاناھلانغۇچىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى بىكىتىشمۇ دەل پاناھلانغۇچىنىڭ تەمىنلىگەن كىملىك مەلۇماتى ۋە رەسمى ياكى غەيرى رەسمى چېگرالاردىن كىرىشتە ئىشلەتكەن پاسپورت قاتارلىق كىملىك بەلگىلىرى ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ. يەنى پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ نەتىجىسى ئۆچۈن چىقىرىلىدىغان ئاخىرقى قارارغا  بۇ ئىككى ئامىل ناھايتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.  چۈنكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ ئىلتىماسىغا قاراپ چىقىش جەريانىدا مەزكۇر كىشىنىڭ قېچىپ كەلگەن دۆلىتىنىڭ ئەملى ئەھۋالىنى ئىشەنچىلىك تەشكىلاتلار ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئېلان قىلغان شۇ دۆلەت ھەققىدىكى دوكلاتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھا بېرىدۇ. يەنى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئوخشىمايدۇ.  شۇ سەۋەپتىن پاناھلانغۇچى تەۋە دۆلەتنىڭ قايسى دۆلەت  ئىكەنلىكىنى بىكىتىپ چىقىش ناھايتى موھىم بىر باسقۇچ ھىساپلىنىدۇ.  پاناھلانغۇچى تەۋە بولغان دۆلىتىنىڭ قايسى دۆلەت ئىكەنلىكىنى قايىل قىلغۇدەك بەلگە ۋە رەسمى كىملىك مەلۇماتلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىش بولسا پاناھلانغۇچىنىڭ ئەڭ موھىم مەسئۇلىيىتى بولۇپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن 1- بولۇپ  تەلەپ قىلىنىدۇ.  بۇنى بىلىۋېلىشىمىز بەك موھىم.

دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىنقىلاشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بەلگە ياكى ھۆججەتلەر بولسا، شۇ كىشىنىڭ پاسپورتى، رەسمى كىملىك كارتى، نوپۇس كىنىشكىسى بولۇپ، ئۇندىن قالسا دىپلوما، توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىمۇ موھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ.

مانا بۇ بەلگىلەر ئەمىلىيەتتە مەزكۇر پاناھلانغۇچىنىڭ شەخسى سالاھىيىتىنى بىكىتىشتە، بۇ شەخسنىڭ قايسى مىللەت ۋە ئەتنىك گۇرۇپپىغا تەۋە ئىكەنلىكىگە قارار چىقىرىشتىمۇ كىرەك بولىدىغان ھالقىلىق بەلگىلەردۇر. ئەگەر يۇقىرىدىكى بەلگىلەرنىڭ گۇۋاھلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن رەسمى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن تەرجىمە نۇسخىسى بولسا تېخىمۇ ياخشى.

ئەگەر پاناھلانغۇچى تاپشۇرغان ئىلتىماس جەدۋىلىدە، مەزكۇر پاناھلانغۇچىنىڭ ئائىلە ۋە بالىلارمۇ بار بولسا، توي گۇۋاھنامىسى( توي خېتى)، بالىلارنىڭ تۇغۇلۇش ئىسپات بەلگىسى، ھەممە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ھەممە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسمى تولۇق تىزىملانغان نوپۇس كىنىشكىسى بولسا تېخىمۇ تولۇق بولغان بولىدۇ. چۈنكى ھازىرقى مەۋجۇت شارائىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى سەۋەبىدىن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاسپورتلىرىدا ئەسلى ئىسىم ۋە فامىلە ئىسىملىرى ئالماشتۇرىۋېتىلگەن بولغاچقا، بالىلار بىلەن ئاتا ئانىسى ئوتتۇرىسىدا ئىسىم ۋە فامىلە قالايمىقانچىلىقى كەڭ ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەپتىن يالغۇز پاسپورتتىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىپ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تىكلەشتە قىيىنچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. نوپۇس دەپتىرى ياكى بالىلارنىڭ تۇغۇت ئىسپاتى، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇشتا موھىم رول ئوينايدۇ.

دىمەك مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن يۇقىرىدا تەلەپ قىلىنغان ماتىرىياللارنىڭ تولۇق ھازىرلىنىشى 1- قەدەم ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر قولىدا پاسپورتى بولمىغانلار بولسا ھېچ بولمىسا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە قايسى دۆلەتكە تەۋە شەخىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كىملىك كارتى بولسۇن ياكى باشقا بىر ھۆججەتلىك مەلۇمات بولسۇن بۇلارنىمۇ بولسا تەييار قىلىشى كىرەك. بۇ كىچىك قەدەملەر پاناھلىق ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇچۇرلار كەم بولسا بولمايدىغان مەلۇماتلاردۇر. قولىدا ھېچقاندىاق كىملىك ياكى دۆلەت تەۋەلىكىگە ئائىت ھېچقانداق بەلگە ياكى كارتلىرى بولمىغانلار بولسا، چوقۇم ئىشەنچلىك دەپ قوبۇل قىلىنغان تەشكىلاتلارنىڭ ئىسپاتى، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىنى بىلىدىغان بىر قانچە كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئويلىشىپ كۆرسىمۇ پايدىلىق بولىدۇ، چۈنكى بەزى دۆلەتلەر ئىشەنچلىك خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەزكۇر شەخسنىڭ كىملىكى ھەققىدە چىقىرىپ بەرگەن ئىسپاتلىق خەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. لىكىن كۆپلىگەن دۆلەتلەر ھەققى كىملىك مەلۇماتلىرىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاقتىمۇ ئىشەنچلىك تەشكىلاتلارنىڭ چىقىرىپ بەرگەن ئىسپات خېتى مەلۇم دەرىجىدە پاناھلانغۇچىنىڭ كىملىكىنى تۇرغۇزۇشتا مۇسبەت رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كىرەك.

پاناھلىق تىلەشتىكى يەنە بىر موھىم باسقۇچ بولسا، نىمە سەۋەپتىن پاناھلىق تىلەش ھەققىدىكى ماتىريال تەييارلاش باسقۇچىدۇر. بۇ جەرياىلارنى بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز "ھىكايا يېزىش" دەپمۇ ئاتىۋالىدۇ. بىز بۇ قوللانمىنىڭ باش تېرپىدە، 1951 جەنۋە ئاھدىنامىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن بىكىتكەن 5 ئاساسلىق شەرتلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن ئىدۇق. پاناھلىق ئىلتىماسى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ماتىرياللار دەل مۇشۇ 5 شەرتكە ئۇيغۇن ھالدا تەييارلىنىشى كېرەك. قانداقتۇر، " خىتايلار ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىدۇ، خالىغانچە تۇتۇپ قامايدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ" دىگەندەك ئابستراكتنى باياىلار بىلەن تەييارلانغان ماتىرياللار كۆپ ھاللاردا تېخىمۇ كۆپ سۇئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئۇنداقتا قايىل قىلارلىق ماتىرياللار قانداق تەييارلىنىشى كېرەك؟

## 2- بۆلۈم: قايىل قىلارلىق ماتىريال تەييارلاشتا تۆۋەندىكى ئامىللار كەم بولسا بولمايدۇ.

سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىز، مىللىتىڭىز ۋە دىنى ئېتىقادىڭىز ھەققىدە قىسقىچە توختالغاندىن كىيىن، سىزنىڭ نىمە سەۋەپتەن خىتايغا قايتىپ كىتەلمەيدىغانلىقىڭىز، ناۋادا خىتايغا قايتۇرۇلسىڭىز ھاياتىڭىزغا قانداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئىسپاتلىرىڭىزنى كۆرسەتكەن ھالدا ماتىرياللىرىڭىزنى تەييارلىشىڭىز تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولىدۇ. خىتاينىڭ سىزگە بېرىدىغان زىيانكەشلىكى ۋە ھاياتىڭىزغا ئېلىپ كىلىدىغان تەھدىتلىرى ھەققىدە توختالغاندا، بۇرۇن بۇ قوللانمىنىڭ كىرىش قىسمىدا چۈشەنچە بەرگەن 5 خىل ئاساسنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

يەنى، خىتاي دۆلىتىنىڭ، سىزنىڭ ئىرقىڭىز سەۋەپلىك، مىللى كىلىپ چىقىشىڭىز سەۋەپلىك، ئۆزىڭىزنىڭ سىياسى كۆز قارىشىڭىز، دىنى ئېتىقادىڭىز ۋە ياكى ئۆزىڭىزگە خاس بولغان مالۇم ئۆرپ-ئادەت، مىللى ئەنئەنە ياكى مەدىنى ئالاھىدىلىكىڭىز سەۋەپلىك سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزنىڭ ھاياتىغا قانداق تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى. يۇقارقى سەۋەپلىك خىتاينىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ھاياتىڭىزغا پەيدا قىلىدىغان خىيىم خەتىرىدىن قورقۇپ قېچىپ چىققانلىقىڭىزنى ئۆز ئەمىلىيىتىڭىز، ئۆز كەچۈرمىشلىرىڭىز ۋە ياكى ئائىلە تاۋاباتلىرىڭىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق بايان قىلىسىڭىز تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولىدۇ. ئەلەتتە باشقىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچاق قىسمەتلەرنى، تونۇشىڭىز، دوستىڭىز ياكى ساۋاقداشىڭىزدىن مىسال بېرىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ھايات ھىكايىڭىزنى قۇۋۋەتلەندۈرەلەيسىز. لىكىن بۇ يەردىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە بولسۇ بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىشتىن ئىبارەت:

**" خىتايدىن قاچمىغان بولسىڭىز سىزگە قانداق ئاقىۋەت يۈز بىرەتتى ۋە ئەمدىلىكتە پاناھلىقىڭىز ناۋادا قوبۇل قىلىنماي خىتايغا قايتۇرۇلغىنىڭىزدا سىزنى نىمە ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ"؟**

مانا بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىڭىز ھەققىدە پاكىتلىق ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويغىنىڭىز سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنىڭ نەتىجىسىگە پەۋقۇلئاددە موھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دۇنيادا 1951 جەنۋە پاناھلانغۇچىلار ئەھدىنامىسىنىڭ 5 تۈرلۈك سەۋەپلىرىنىڭ ھەممىسى بويىچە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرالايدىغان مىللەتلەر ناھايىتى ئاز، ۋە ھەتتا يوق دىيەرلىك. لىكىن پەقەتلا ئۇيغۇرلار، ب د ت ئەھدىنامىسىنىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان 5 شەرتلىرى بويىچە ھەر خىل جازاغا ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتىدۇ ۋە شۇنداقكەن پاناھلىقى مەيلى يۇقۇرىدىكى 5 ماددىنىڭ قايسىنى ئاساس

قىلىپ تۇرۇپ تەييارلانسا تەييارلانسۇن، ھەچ بىر ئۇيغۇرنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ رەت قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. لىكىن ھالقىلىق مەسىلە دەل پاناھلىق ئىلتىماسىنى قانداق تەييارلاش ۋە ئۇنى قانداق دەلىل ئىسپاتلار بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت.

مىسال ئالساق: ھەچ بىر ئۇيغۇر، " مەن جوڭخۇا ئائىلىسىگە تەۋە ئەمەس، مەن ئەزەلدىن تۈرك ئىرقىغا تەۋە" ياكى، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان خىتايدىن مۇستەقىل ھالدا ياشاپ كەلگەن، مەن خىتاي كوممۇنىت پارتيەسىنى قوللىمايمەن، مىنىڭ سىياسى كۆز قارىشىم ئەركىنلىكنى ياقلايدىغان ئادىل بىر جەمىيەت قۇرۇش، مەن ئىسلام دىنىغا ئىتىقات قىلىمەن ۋە شۇ دىنىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشايمەن، ۋە بولمىسا، مەن مۇستەقىل ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تەتقىقات مەركىزى قۇرىمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىتىدىغان بىر مەركەز ئاچىمەن" دىگەن باياناتلاردا بولۇنالمايدۇ. يۇقىرىدىكى جۈملىلەر ئەمىلىيەتتە، 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتىكى 5 شەرتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىرقى جەھەتنى، مىللى كىلىپ چىقىش، دىنى ئىتىقات ۋە سىياسى كۆز قاراشنى، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ئىجتىمائى ۋە مەدىنى ئامىللار سەۋەبىدىن جازالىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لىكىن يۇقۇرىدىكى جۈملىدە مۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خائىشلار، گەرچە ھازىرقى ۋاقىتتا دەل خىتاينىڭ مەۋجۇت قىرغىنچىلىق سىياستى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئىغىر جازا بىرىلىشۋاتقان سەۋەپلەر ھىساپلانسىمۇ، بۇنى ئۆزىمىزگە تەدبىقلاپ ئۆزىمىزنىڭ پاناھلىق باياناممىزنى تەييارلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

شۇنداقتىمۇ ھازىرقى ئەھۋالدا، بولۇپمۇ غەرپ ئەللىرىدە پاناھلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ قوللىنىۋاتقان پاناھلىق سەۋەپلەر يەنىلا سىياسى، دىنى ۋە مىللى جەھەتتىكى زۇلۇملار سەۋەبىدىن جازالىنىشقا مەركىزلەشكەن بولۇپ، سىياسى سەۋەپلەر كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنجىسىدە تولۇق ئايدىڭلاشمىغان. يەنى سىياسى جەھەتتىن پاناھلىق تىلەش دىگەننى قانداقتۇر بىر سىياسى تەشكىلات قۇرۇش ياكى سىياسى تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىق دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. ھالبۇكى خىتايدىكى مەۋجۇت سىياسى تۈزۈلمىنى ۋە سىياسى ھاكىمىيەتنى قوبۇل قىلماسلىق، خىتاينىڭ ھازىر ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان سىياسى باستۇرىشنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا تىنچ ھالەتتە نارازىلىق بىلدۈرۈشمۇ سىياسى جەھەتتىن پاناھلىق تىلەش كاتىگورىيەسىگە كىرىدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ مەۋجۇت سىياسى سىستىمىسىنى قوبۇل قىلماسلىقمۇ ئۇيغۇرلارلا ئەمەس ھەتتا خىتاي مىللىتىنىڭمۇ جازالىنىش سەۋەپلىرى بولالايدۇ.

## 3- دىققەت قىلىشقا تىگىشلىك نوقتىلار

ماتىريال تەييارلاشتا باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ياكى ئومۇمى ۋەزىيەتكە مەركەزلىشىش ئورنىغا ئۆزىمىزگە ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مەركەزلىشىشىمىز كىرەك. چۈنكى، ئەڭ ئاخىرىدا سورىلىدىغان سۇئال، " سەن خىتايغا قايتساڭ نىمە ئاقىۋەت يۈز بىرىدۇ ۋە نىمە ئۈچۈن يۈز بىرىدۇ دىگەن سۇئالدۇر. باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئائىلە ئەزالىرىمىزنىڭ بىشىغا كەلگەن ۋە ياكى كىلىدىغان ئىچىنىشلىق پاجىئەلەر، ئۆزىمىزنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغاندا قانداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىمىز ھەققىدە پايدىلىنىش مەنبەسى ۋە ئۆزىمىزنىڭ قورقۇ ئەندىشىلىرىمىزنى ھەقلىق چىقىرىشىمىز ئۈچۈن ئىسپات بولالايدۇ. لىكىن يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىمىزگە خىتايدىن كىلىدىغان تەھدىت ئەڭ موھىم نوقتا.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نوقتا بولسا ماتېريال تەييارلىغاندا، ئۆز ئەھۋالىنى گەۋدىلەندۈرىمەن دەپ ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىشنىڭ، يوق يەردىن يالغان ئۇيدۇرۇشنىڭ ھېچ ئورنى يوق.

پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىغا قارار بەرگۈچىلەر، پاناھلىق ماتېرىياللىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، كۆپ ھاللاردا تۆۋەندىكى ئىككى ئۆلچەم بويىچە قارار چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىرسى، پاناھلانغۇچىنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ ئىشەنچىلىك بولغان بولمىغانلىقى، يەنە بىرسى بولسا بۇ ئۇچۇرلارنىڭ راستچىللىقى.
گەرچە بۇ ئىككى سۆز ئۇيغۇرچىدا ئوخشاشراق مەنا ئىپادىلەيدىغاندەك تۇرسىمۇ ئەمىلىيەتتە بۇ سۆزلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە پەرق بار. شۇڭا ئىنگىلىزچىدە credibility ۋە reliability دىگەن ئىككى ئايرىم سۆز ئىشلىتىلىدۇ.
يەنى بۇ سۆزلەر پاناھلىق باياننامىسىدا قوللىنىلغان ئەۋال ۋە ۋەقەلەرنىڭ ھەم راستچىل بولۇشىنى ۋە راستچىللىق بىلەن ئەيتىلغان باياننىڭ باشقا مەنبەلەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلىنالايدىغان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن سىز خىتاينىڭ دۆلىتىنىڭ سىزگە ۋە ياكى ئائىلىڭىزگە قاراتقان زۇلمىنى بايان قىلغىنىڭىزدا، سىز بايان قىلغان ئەھۋالنىڭ باشقا ئىشەنچىلىك دوكلاتلار ۋە مەتبۇئات خەۋەرلىرى ئارقىلىق ۋە دۆلەتلەر ئىلان قىلغان ھۆججەتلىك ماتىياللار بىلەن بىردەكلىكى ئىگە ۋە زىتلاشمايدىغان بولىشى دىگەنلىك بولۇپ، شۇنداق بولغاندا سىزنىڭ بايانلىرىڭىزنىڭ ھەم راست ئىكەنلىكىنى ھەم ئىشەنچىلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولىدۇ.

مۇنداقچە ئەيتقاندا، پاناھلانغۇچى ئەيتقان ھەر قانداق بىر بايان، پاناھلانغۇچىنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى بولۇپ، ئوخشاش ياكى شۇنىڭغا يېقىن كىلىدىغان ۋەقەلىك باشقا مۇستەققىل مەنبەلەر ئىلان قىلغان دوكلات ۋە خەۋەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولسا، سىزنىڭ بەرگەن بايانلىرىڭىز دەلىلگە ئايلانغان بولىدۇ ۋە قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز، پاناھلىق ئىلتىماسى ئۈچۈن يازغان بايانلاردا ( narrative) ئىشلەتكەن كونكرېتنى ۋاقىت، ئورۇن ۋە شەخسلەر بىلەن، پاناھلىق ئىلتىماسى ئۈچۈن توشقۇزىلىدىغان جەدۋەلگە ئىشلەتكەن ئۇچۇرلار، يەنە ماكان، ۋاقىت ۋە شەخسلەر بىر بىرى بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى كىرەك.
پاناھلىق باياننامىسى يازغاندا، پالانى ئاينىڭ پۇستانى كۈنى مەن قەشقەردىكى ۋاقتىمدا...... دەپ يازغان بولساق، پاناھلىق جەدۋىلى توشقۇزغاندا شۇ ۋاقىتتا دەل شۇ ئورۇندا ئىكەنلىكىمىز گەۋدىلەنگىنى ياخشى. ئەكسى تەقدىردە ئۆز ئۆزىمىزنى يالغانچى قىلغان بولىمىز. بۇنداك كىچىك بىر نوقتا سوتچىلارنىڭ كۆزىدىن قاچمايدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك نوقتا شۇدۇر. پاناھلىق ئىشلىرى بارلىق غەرپ دۆلەتلىرىدە ناھايىتى يۈرۈشلەشكەن، سىستېمىلاشقان قانۇنى بىر جەريان بولۇپ، كوچا پاراڭلىرى ياكى بۇرۇن بۇ خىل جەريانلار بېشىدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەنلا بولىدىغان، ياكى دائىم ئۇچرايدىغان شەكلى بىلەن ئەيتقىنىمىزدا، "ئۇيغۇر بولساڭلا سېنى قوبۇل قىلىۋىرىدۇ" دەپ بىر جۈملە سۆز بىلەن يېغىنچاقلايدىغان بىر ئاددى جەريان ئەمەس. شۇڭا پاناھلانغۇچى نامزاتلىرىنىڭ چوقۇم قانۇن ساۋادى

بولغان ياكى بۇ خىزمەتلەردە سالاھىيەتلىك كەسپى مەلۇماتى بولغان كىشىلەر بىلەن مەسلەھەتلىشىشى، ئۇلاردىن قانۇنى ياردەم سوراش بەكلا موھىم.
چۈنكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ پاناھلىق ئىشلىرىغا قارايدىغان ئورگانلىرى مۇستەققىل سوت خاركتېرىنى ئالغان ئورۇنلار بولغاچقا، بۇ ئورۇنلاردا قارار بەرگۈچى بولۇپ ئىشلەيدىغان سوتچىلارمۇ شۇ دۆلەتنىڭ كۆچمەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن تۈزۈملىرىنى ياخشى بىلىدىغان كەسپى خادىملاردۇر. شۇڭا پاناھلىق جەريانلىرىدا يېتەرلىك قانۇنى ياردەم ۋە مەسلەھەت ئېلىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك.

مۇۋاپىق قانۇنى مەسلەھەت ئالغاندىلا، يالغۇز قايسى نوقتىلارنى پاناھلىق باياننامىسىغا يېزىشلا ئەمەس بەلكى قانداق ئەھۋاللارنى يازماسلىقنى ۋە قانداق ئەۋاللاردىن ئۈزاق تۇرىشنىمۇ بىلىۋالايسىز.
قايسى نوقتىلارنى يېزىشنى ھەممە كىشى ئاز كۆپ بىلىشى مۇمكىن. لېكىن قايسى نوقتىلاردىن ئۈزاق تۇرۇشنى بولسا يەنىلا قانۇنچىلار بىلىدۇ.
چۈنكى نىمىنى يېزىش بىلەن ئوخشاشلا نىملەرنى يازماسلىقمۇ سۇنۇلغان ئىلتىماسنىڭ تەقدىرىگە ناھايتى موھىم ۋە ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۈركىيەدىن كاناداغا كېلىش ئۈچۈن تىزىملاتقان قېرىنداشلارنىڭ تاپشۇرغان شەخسى گۇۋاھلىقنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇ نوقتىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشنى موھىم دەپ قارىدۇق.
كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز مەيلى ۋەتەندىكى زۇلۇملارنى تەسۋىرلىگىنىدە بولسۇن ياكى تۈركىيەدىكى قېيىنچىلىقلارنى چۈشەندۈرگەندە بولسۇن، ئىش تاپالماسلىق، ئايرىمچىلىققا ئۇچراش، ئىقتىسادى جەھەتتىن قىيىنلىپ قىلىش قاتارلىقلارنى ئاساسلىق ئورۇندا قويۇپ گۇۋاھلىق بەرگەن. بۇ ئامىللارنىڭ ھىچ بىرى پاناھلىق تىلەشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. چۈنكى مەلۇم دەرىجىدىكى ئايرىمچىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئاز ۋە كۆپ مەۋجۇتتۇر. يەنى ئايرىمچىلىقتىن ھىچ بىر دۆلەت خالى ئەمەس ۋە مەڭگۈ بولالمايدۇ. ئەڭ موھىمى بىراۋغا قارىتىلغان ئايرىمچىلىقنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت پەيدا قىلىشى ناتايىن. كانادا ۋە ئاساسلىق غەرپ دۆلەتلىرى 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىدىكى بەلگۈلەنگەن پاناھلانغۇچىلار ئېنىقلىمىسىنى قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن ۋە بۇ ئەھدىنامە ئىقتىسادى قېيىنچىلىق ۋە ياكى مىللى ئايرىمچىلىقنى پاناھلىنىشنىڭ ئاساسى دەپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيەدىن يوللانغان كۆپلىگەن خۇسۇسى گۇۋاھلىقلارنى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرغاندا بىللە ئىشلىتەلمىدۇق. چۈنكى بۇ گۇۋاھلىقلار بۇ قېرىنداشلىرىمىزغا پايدىلىق بولۇشتىن بەكرەك زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرەتتى.

بۇ قوللانمىنىڭ ئاخىرىدا ئۈلگە ياكى نەمۇنە بولسۇن ئۈچۈن، سىلەرگە بىر ئاددىلا خىيالى ھىكايە قۇرۇلمىسىنى مىسال قىلىغ ئارقىلىق، ئەڭ ياخشى ھىكايىنىڭ قانداق يېزىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 4- پاناھلىقنى قايسى يەرگە تاپشۇرۇش مەسىلىسى

زۆرۈر بولغان كىملىك بەلگىلىرى تولۇق تەييارلانغان ۋە پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن لازىملىق بولغان جەدۋەل ۋە مۇناسىۋەتلىك فورمىلار تولۇق تولدۇرۇلۇپ, پاناھلىق ئاساسلىرى ( جەنۋە ئەھدىنامىسىدىكى 5 ئامىل)

شەرھىيلەنگەن ۋە سەۋەپلەر( شەخسى كەچۈرمىشلەر) تولۇق كۆرسىتىلىپ تەييارلانغان پاناھلىق بايانىنامىسىدىن كېيىن، بۇ ماتېرىياللارنى نەگە بېرىپ ۋە قايسى ئورگانلارغا تاپشۇرىمىز دېگەن سۇئالغا كېلىپ تاقىلىمىز. بۇ سۇئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن قايسى دۆلەتتە تۇرىۋاتقىنىمىز ناھايىتى موھىم.

ھازىر بارلىق غەرپ دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بولغاچقا ۋە بۇرۇن بۇ دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار، پاناھلىق ئىشلىرىدا ناھايىتى قىممەتلىك تەجرىبە ساۋاقلارغا ئىگە بولغان بولغاچقا، ئەڭ موھىمى بۇ دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاناھلىق ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىشى ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر ئەۋزەللىك. بۇ تەشكىلاتلار ۋە پائالىيەتچىلەر مەيلى مەسلەھەت بېرىش بولسۇن، ئادۇكات تېپىش بولسۇن ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ئىلتىماس تاپشۇرۇش، تەرجىمان تېپىش قاتارلىق ئەملى ۋە كونكرېتنى خىزمەتلەردە بولسۇن، پاناھلانغۇچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەملى ئېھتىياجلىرىغا قارىتا تولۇپ جاۋاپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلارنىڭ قايسى دۆلەتكە بارسا دەل شۇ دۆلەتتىكى ئىشەنجلىك ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى، ئۇلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماس ئىشلىرىنىڭ راۋان داۋام قىلىشىدىكى ئەڭ موھىم قەدەمدۇر. كانادا، ئامېرىكا، ئاۋسترىلىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە باشقا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ياۋرۇپا بىرلىگگە ئەزا دۆلەتلارنىڭ پاناھلىق جەريانلىرى، شۇ دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلارتلىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش ياردەم ۋە مەسلەھەت ئاساسىدا يۈرۈشلەشكىنى ئۈچۈن بۇ يەردە ئايرىم توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

## ۷ - قىسىم    تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە

ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەت بولغان تۈركىيەدە پاناھلىق ھەققىدىكى قانۇنى ئۇقۇملار كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا ئايدىڭ ئەمەسلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن تەشكىلات ۋە ئۇيغۇر داۋاسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ دىققىتىدىن قاچقان كۆپ مەسىلىلەر بار. بۇ مەسىلىلەر تۈركىيەنىڭ مەۋجۇت چەتئەللىكلەر ۋە پاناھلانغۇچىلار قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ سەۋەپتىن پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقى ۋە پاناھلانغۇچىلارغا قويۇلغان قانۇنى چەكلىمىلەر ھەققىدە رۇشەن بولمىغان چۈشەنجىلەر خېلى ئومۇملاشقان دىيەلەيمىز.

شۇ سەۋەپتىن تۈركىيەنىڭ پاناھلىنىش جەريانلىرى، پاناھلانغۇچىلارنىڭ قانۇنى رەسمىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمىز.

### 1- <u>بۆلۈم: تۈركىيەدە پاناھلىنىش ۋە پاناھلىنىش جەريانلىرى</u>

<u>تۈركىيە</u>، ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. شۇ سەۋەپتىن تۈركىيەدە پاناھلىنىش ۋە پاناھلىنىش جەريانلىرى ھەققىدە رەسمى ۋە تولۇق چۈشەنجىگە ئىگە بولۇش خېلىلا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۈركىيەدە پاناھلىق ئىشلىرى تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە بۇ مىنىستىرلىككە تەۋە كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرىلىدۇ. ( Türkiye Göç Idarisi- Turkish Immigration )

تۈركىيە يەنە 1951 جەنۋە پاناھلانغۇچىلار ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ياۋرۇپا بىرلىكى بىلەن ماسلىشىش قانۇنلىرى نامىدا ( Uyum Yasalari )كۆچمەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن قانۇنلار ۋە شۇ قانۇن ئاساسىكى بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا كۆپلىگەن خەلقئارا توختاناملارغا ئىمزا قويغان دۆلەت. شۇ سەۋەپتىن تۈركىيەنىڭ پاناھلانغۇچىلارغا تۇتقان سىياسىتىنى ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.
شۇنداقتىمۇ تۈركىيەنىڭ پاناھلانغۇچىلار سىياسىتىنى، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرى ۋە بۇلارنى ئىجرا قىلىشتىكىدۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىشلەش فۇنكىتسىيەسىنى، پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلارنىڭ، ھۆكۈمەتتىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك سىياسى پروگراممىلىرىدىن مۇستەققىل ھالدا مەشغۇلار قىلىش باسقۇلىرىنى، غەرپ دۆلەتلىرىدە مەۋجۇت بولغان سىياسەتتىن ۋە ھۆكۈمەتلارنىڭ كۈندىلىك سىياسى كۆنتەرتىپلىرىدىن خالى ھالدىكى تەرەپسىز پاناھلانغۇچىلار مەھكىمىسى ياكى سوت ئورۇنلىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. دەل بۇ خىل مۇستەققىل ۋە تەرەپسىز ھالدا مەشغۇلات قىلىدىغان پاناھلانغۇچىلار سوتىنىڭ كەملىكىدىن، بەزى پاناھلانغۇچىلار، ئۆزگەرگەن سىياسى كۆنتەرتىپنىڭ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاسانلا قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇنى تۈركىيەدە ياشىغان ۋە تۈركىيەنى يېقىندىن كۆزەتكەن كۆپلىگەن كىشىلەر قولايلىق بىلەن ھېس قىلالايدۇ.

شۇنداقتىمۇ تۈركىيەدىكى پاناھلىنىش جەريانلىرى ۋە پاناھلىنىش شەرتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كۆپلىگەن قېرىنداشلارغا پايدىلىق بولىدۇ دەپ قارىدۇق.

## 2- تۈركىيەدە پاناھلانغۇچىلارغا بېرىلگەن ئىنئقلىما

ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئىرقى، دىنى، مىللى كىلىپ چىقىشى، مەلۇم بىر ئىجتىمائى گۇرۇپپىغا تەۋەلىكىدىن ۋە ياكى سىياسى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەپلىك زۇلۇمغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەقلىق قورقۇسىغا بىنائەن، پۇقراسى بولغان دۆلىتىنىڭ سىرتىدا ياشىغان، ۋە ئۆزى ياشىغان دۆلەتنىڭ قوغدىنىشىدىن مەھرۇم قالغان ۋە ياكى شۇ قورقۇ سەۋەلىك قوغدىنىش تەلەپ قىلالمىغان مۇھاجىرغا، ھەمدە يۇقارىقى قورقۇلار تۈپەيلىدىن ئۆزى ئەسلى تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ سىرتىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋە ئوخشاش سەۋەپلەر بىلەن تەۋە دۆلىتىگە قايتالمىغان، قايتىشنى خالىمىغان ۋەتەنسىز كىشىلەرگە مەلۇم سالاھىيەت ئىنئقلاش رەسمىيەتلىرىدىن كىيىن بېرىلگەن سالاھىيەتنى كۆرسىتىدۇ.
2013-يىلى 04-ئاپرېل تارىخىدىكى 6458-نومۇرلۇق چەتئەللىكلەر ۋە خەلقئارا قوغداش قانۇنىنىڭ 61-ماددىسى.
(https://www.goc.gov.tr/multeci)

بۇ يەردىكى دىققىتىمىزنى تارتىشقا تېگىشلىك ھالقىلىق سۆز شۇ:

تۈركىيە پەقەتلا ياۋرۇپ دۆلەتلىرىدىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن، 1951  جەنۋە ئەھدىنامىسى بىكىتكەن 5 شەرتكە چۈشىدىغانلارنىلا پاناھلانغۇچى دەپ قارايدۇ.

.

## 3-  تۈركىيەدە پاناھلىق تىلەشتىن بۇرۇن بىلىشكە تەگىشلىك موھىم مەلۇماتلار

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىغا قول قويغان دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھدىنامىغا قول قويغاندا جۇغراپىيەلىك ماكان شەرتى قويغان، يەنى شەرتلىك ھالدا قوشۇلغان.
يەنى بۇ ئەھدىنامىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن  بەلگۈلۈك جۇغراپىيەلەك رايون بىلانلا چەكلەنگەن. شۇ سەۋەپتەن تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇق پاناھلىققا ئېرىششى، يەنى پاناھلانغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە بولىشى مەۋجۇت قانۇنلار بويىچە مۇمكىن ئەمەس. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پەقەتلا ياۋرۇپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەردىن كەلگەنلەرگە 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىدىكى شەرتلەر بويىچە پاناھلانغۇچى سالاھىيىتى بېرەلەيدۇ. ياۋرۇپا بىرلىكىنىڭ سىرتىدىن كەلگەنلەرگە بولسا ۋاقىتلىق پاناھلانغۇچى سالاھىيىتى بېرىدۇ ۋە بۇلارنىڭ 3-دۆلەتكە ئورۇنلىشىپ بولغىچە تۈركىيەدە ۋاقىتلىق تۇرىشىغا رۇقسەت قىلىدۇ. بۇ پەرقنى ياخشى بىلىۋېلىش كېرەك.

تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغانلارغا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ رەسمى تور سەيپىسىدىكى مەلۇماتلارغا قاراپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆۋەندىكى تۈركچە پاراگراف، تۈركىيە كۆچ ئىدارىسىنىڭ رەسمى تور سەيپىسىدىكى پاناھلانغۇچىلارغا بېرىلگەن ئېنىقلىمىنىڭ تۈركچىسى بولۇپ ئوقۇپ بېقىشىڭلارغا سۇندۇق.

### Mülteci

Avrupa ülkelerinde meydana gelen olaylar nedeniyle; ırkı, dini, tabiiyeti, belli bir toplumsal gruba mensubiyeti veya siyasi düşüncelerinden dolayı zulme uğrayacağından haklı sebeplerle korktuğu için vatandaşı olduğu ülkenin dışında bulunan ve bu ülkenin korumasından yararlanamayan ya da söz konusu korku nedeniyle yararlanmak istemeyen yabancıya veya bu tür olaylar sonucu önceden yaşadığı ikamet ülkesinin dışında bulunan, oraya dönemeyen veya söz konusu korku nedeniyle dönmek istemeyen .vatansız kişiye statü belirleme işlemleri sonrasında verilen statüyü ifade eder

مەنبە:
https://www.goc.gov.tr/multeci

## شەرتلىك پاناھلانغۇچىلار

ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سىرتىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئىرقى، دىنى، مىللى كىلىپ چىقىشى، مەلۇم بىر ئىجتىمائى گۇرۇپپىغا تەۋەلىكىدىن ۋە ياكى سىياسى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەپلىك زۇلۇمغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەقلىق قورقۇسىغا بىنائەن, پۇقراسى بولغان دۆلىتىنىڭ سىرتىدا ياشىغان، ۋە ئۆزى ياشىغان دۆلەتنىڭ قوغدىنىشىدىن مەھرۇم قالغان، ۋە ياكى شۇ قورقۇ سەۋەلىك قوغدۇنۇش تەلەپ قىلالمىغان مۇھاجىرغا، ھەمدە يۇقارىقى قورقۇلار تۈپەيلىدىن ئۆزى ئەسلى تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ سىرتىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋە ئوخشاش سەۋەپلەر بىلەن تەۋە دۆلىتىگە قايتالمىغان، قايتىشنى خالىمىغان ۋەتەنسىز كىشىلەرگە مەلۇم سالاھىيەت ئىنقلاش رەسمىيەتلىرىدىن كىيىن بېرىلگەن سالاھىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

شەرتلىك پاناھلانغۇچىلار دىگىنىمىز، 3-دۆلەتكە ئورۇنلاشقىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە تۈركىيەدە تۇرۇشقا رۇقسەت قىلىنىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان ئۇقۇم بولۇپ ۋاقىتلىق سالاھىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

يەنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئەيتقاندا شەرتلىك پاناھلانغۇچىلار، ئاساسەن 3-بىر دۆلەتتىن سىياسى پاناھلىق تىلەش مەقسىتىدە تۈركىيەدىن خەلقئارالىق قوغدىنىش ئۈچۈن ئۆتكۈنچى پاناھلىق تىلىگەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
[https://www.goc.gov.tr/sartli-multeci](https://www.goc.gov.tr/sartli-multeci)

## ئىككىنجى دەرىجىلىك قوغدىنىش
## İkincil Koruma

پاناھلانغۇچى ۋە ياكى شەرتلىك پاناھلانغۇچى سالاھىيىتىگە چۈشمەيدىغان، لىكىن تەۋە دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان تەقدىردە :
1- ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدىغان ۋە ياكى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىنىدىغان،
2- قىيىن قىستاق، تەن جازاسى، رەھىمسىز ۋە ياكى ئىنسانى غۇرۇرىنى خورلىغۇچى جازاغا دۇچار بولىدىغان،
3- خەلقئارالىق ۋە ياكى ئۆز دۆلىتىدىكى قوراللىق توقۇنۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تويپەكۈن زوراۋانلىق ھەركەتلىرىگە شۇ ئاساسىتكى جىددى تەھدىتلەرگە دۇچار بولىدىغان، بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەندە تەۋە دۆلىتىنىڭ قوغدىنىشىدىن پايدىلىنالمايدىغان ياكى پايدىلىنىشنى خالىمايدىغان چەتئەللىك ياكى دۆلەت تەۋەلىكسىز كىشىگە سالاھىيەت بىكىتىش جەريانىدىن كىيىن بېرىلىدىغان سالاھىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

## 4-  تۈركىيەگە پاناھلىق ئىلتىماسى

ب د ت پ ئا ك ئىشخانىسى 2018-يىلى 10-سىنتەبىردىن باشلاپ تۈركىيەدە پاناھلىق ئىلتىماسى قوبۇل قىلىشنى توختاتتى ۋە چەتئەلدىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەۋەلىكىدە يېڭى قۇرۇلغان كۆچ ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

### تۈركىيەدە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ جەريانلىرى

پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسى كۆپ ھاللاردا پاناھلانغۇچى تەرىپىدىن تەييارلىنىدىغان يازما بايان بولۇپ، تەۋە دۆلەتتىن نىمە سەۋەپتىن ( 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىدا بەلگۈلەنگەن 5 تۈرلۈك پاناھلانغۇچىلارنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن) قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ۋە يەنە نىمە سەۋەپتىن ئۆز دۆلىتىگە قايتالايدىغانلىقى، ياكى نىمە سەۋەپتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن قايتىشنى خالىمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھلىق تەييارلانغان تەپسىلى باياننامەنى كۆرسىتىدۇ( ئىپىزاكى تىلدا ئەيتىلغان ھىكايە) .  بۇ پاناھلىق باياننامىسىمۇ تۈركىيە تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنىدۇ

يازما باياننامىدا سىز ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەپلەرگە مۇمكىن بولغان دەرىجىدە پاكىتلىق رول ئوينايدىغان رەسىم، ھۆججەتلىك ماتېرىياللارنى قوشىسىڭىز سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.
يازما بايان تەييارلانغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزگە ئائىت  بولغان بارلىق كىملىك (پاسپورت، كىملىك، توي گۇۋاھنامىسى، دىپلوم) قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن سىزگە ئەڭ يېقىن ئادىرىستىكى كۆچمەنلىك ئىشخانىسىغا بېرىپ، كىملىك ۋە يازما باياننامىڭىزنى قوشۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ پاناھلىق تىلىمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئوچۇق بايان قىلىپ مەسئۇل خادىمغا ئىلتىماسىڭىزنى تاپشۇرسىڭىز بولىدۇ.

ئىلتىماس تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، سىزگە تېزىمغا ئالدۇرىدىغان ئادرېس ياكى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجى زۆرۈر دەپ قارالسا كېيىنكى ئۇچرىشىش ۋاقتى ۋە كۈننى سىزگە بىلدۈرىدۇ.
ئەگەر ئائىلە بولغان بولسىڭىز، ۋە ئائىلىڭىزنىڭ پاناھلىق تەلەپ قىلىش سەۋەپلىرى سىز بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان بولسا سىز ئائىلىڭىزنىڭ مەلۇماتلىرىنىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا قوشۇپ تاپشۇرسىڭىز بولىدۇ.
تۈركىيەدىكى مەلۇم بىر كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرغاندىن كېيىن سىز تاپشۇرغان بارلىق ماتېرىياللارنىڭ كوپىيەسىنى ئېلىۋېلىپ ماتېرىياللارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.
ئەگەر تۈركچە بىلمىسىڭىز تەرجىمان ئېلىپ بېرىشىڭىز تەۋسىيە قىلىنىدۇ ياكى كۆچ ئىدارىسى سىزگە ھەقسىز تەرجىمان ئورۇنلاشتۇرىشى مۇمكىن. ئەگەر تەرجىماننىڭ ۋاقتىنى ساقلاپ ئىلتىماس ۋاقتىم ئۇزىراپ كەتمىسۇن دىسىڭىز ئۆزىڭىز تەرجىمان ئېلىپ بارغىنىڭىز ئەۋزەل.

بۇ جەريانلاردا سىزدىن توغرا ۋە ئىسپاتلىق مەلۇماتلارنى تاپشۇرىشىڭىز تەلەپ قىلىنىدۇ.
ئەگەر يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجى تۇغۇلسا سىزگە كېيىنكى قېتىملىق  سۆھبەتنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ.

تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىشلىرىدىن كېيىن سىزگە 30 كۈن مۆھلەتلىك "خەلقئارا قوغدىنىش سالاھىيىتى" بەلگىسى بېرىلىدۇ.  بۇ بەلگە ئۈچۈن ھەق تۆلىمەيسىز.
ئەگەر ئائىلىڭىزدە بىردىن كۆپ كىشى ئىلتىماس سۇنغان بولسا ئائىلىدىكى ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئايرىم ئايرىم سالاھىيەت بەلگىسى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

بۇ بەلگە ئۈستىدە چەتئەللىكلەرنى تىزىملاش نومىرى بار بولۇپ، بۇ نومۇر كېيىنكى كۈنلەرە سىز تەلەپ قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان مۇلازىمەتلار ئۈچۈن، يەنى سالامەتلىك تەكشۈرۈش، باشقا ياردەملەرگە ئىلتىماس قىلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن بەك موھىم.

سىزنىڭ بىلىشىڭىزگە تېگىشلىك يەنە بىر موھىم ئىش بولسا بارلىق بۇ ئىلتىماس ۋە سالاھىيەت بەلگىسى ئېلىش جەريانلىرى ھەقسىز بولۇپ، پاناھلانغۇچىلاردىن ھەق تەلەپ قىلىنماسلىقى كېرەك.
تۈركىيەدە بارلىق پاناھلىق ئىلتىماسى كۆچ ئىدارىسى باش ( گەنەل )مۇدۇرلىكىگە تاپشۇرىلىدۇ. ئاساسلىق ۋىلايەتلەر ۋە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە رايۇن خاراكتېرلىق كۆچمەنلەر ئىدارىسى مەۋجۇت بولۇپ بەزى ئاساسلىق شەھەرلەردىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ ئادرېسلىرى بۇ بۆلۈم ئاخىرىدا ئايرىم بېرىلىدۇ.

### 5-  ئىلتىماسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە كېرەكلىك ۋاقىت:

پاناھلىق ئىلتىماسى كۆچمەنلار باش (گەنەل) مۇدۇرلىكى تەرىپىدىن قارارغا باغلىنىدۇ. ۋىلايەتلىك(رايۇنلۇق) كۆچمەنلار ئىدارىسى بولسا تاپشۇرۇلۇان ئىلتىماسنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئىشلەمگە قويۇش ۋەزىپىسىنى ئاقتۇرىدۇ.
پاناھلىق ئىلتىماسى تىزىملىتىلغاندىن  ئاخىرقى قارار چىققۇچە تەخمىنەن 6 ئاي ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ.
لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكى ئەمەس، يېقىندىن بۇيان بەزى پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنىڭ ئاخىرقى قارارغا باغلىنىشى ئۈچۈن يىللار كەتكەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ كۆرىلدى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ خەلقارالىق پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆپ ئۇچرايدۇ.

### 6-ئالدىن كۆرۈلىدىغان ياكى تېزلەشتۈرۈلگەن ئەھۋال
### Prioritized examination and fast-track processing

ئالاھىدە ئەھۋالدىكى خەلقئارالىق  پاناھلانغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش  جەھەتتىن، بولۇپمۇ ئېغىرلىشىپ قالغان ھامىلدار ئاياللار، ئېغىر كېسەللىك بىمارلىرى، ھەمراسىز قالغان باللار قاتارلىق ئالاھىدا ئەھۋاللاردا، گەرچە بەزى توسالغۇلار تېخىچە مەۋجۇت بولسىمۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ خەلقئارالىق قوغدىنىشقا ئىلتىماس قىلىش ۋە تىزىملىتىش جەريانلىرىدا  ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن  مۇئامىلە قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى مەلۇم.

### ئايرىم سۆھبەت   Personal interview

نورمال ئەھۋالدا ۋىلايەتلىك كۆچمەنلار ئىدارىسىگە تىزىملاتقان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە سۆھبەتكە چاقىرىلىشىڭىز كېرەك. بۇ سۆھبەت،  پاناھلانغۇچىلار قانۇنى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىز تەۋە

دۆلەت ھەققىدە ياخشى  تەربىيلەنگەن خادىملار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.  سۆھبەتنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى تىزىملاتقان كۈنى پاناھلانغۇچىغا ئېنىق ئۇقتۇرىلىدۇ. ئەگەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۆھبەت شۇ كۈنى بولماي قالسا ئەڭ كېيىن بولغاندا كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. لېكىن ئەمىلىيەتتە بولسا پاناھلانغۇچىلار ھەر خىل سەۋەپلىق بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سۆھبەتكە چاقىرىلمايدۇ، ھەتتا بىر قانچە ئايلاپ كېچىكىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

سۆھبەت ئۈچۈن سىز ئائىلىڭىز، ئائىلە ئەزالىرىڭىز، ئادۇۋاكاتىڭىز، پسىخولوگ دوكتۇرىڭىز( بار بولسا)، بالىلار مۇتىخەسسىسىڭىز، ياكى بالا كىچىك بولسا بالىلارنىڭ قانۇنى ۋەكىلى بىلەن بىللە كەلسىڭىز بولىدۇ.
ياۋرۇپا پاناھلانغۇچىلار جەمىيتى دوكلاتىغا ۋە تۈركىيەدىكى ئادۇۋاكاتلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ باھالىرىغا قارىغاندا، سۆھبەت جەريانىنىڭ ساپاسى تۈركىيەدە ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، بەزىدە سۆھبەتكە قاتناشقان خادىملار قايمۇقتۇرىدىغان سۇئاللار ئارقىلىق، ئىمكان بار پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشنىڭ باھانىسىنى ئىزلەيدىغان ئەھۋاللار ناھايتى كۆپ ئۇچرايدىكەن.

تەرجىمە  **Interpretation**
قانۇنى جەھەتتىن ۋىلايەتلىك كۆچمەنلەر ئىدارىسى پاناھلانغۇچى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن تەمىنلەش جاۋاپكارلىقىغا ئىگە.
لېكىن يېتەرلىك تەرجىمان بولماسلىق سەۋەبىدىن پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ بارلىق جەريانلىرىنىڭ ئاقساۋاتقانلىقى ۋە كېچىكىۋاتقانلىقى مەلۇم. شۇڭا ئۆزىڭىز ئىمكان بار تەرجىمان ئېلىۋېلىڭ.

دوكلات-  **Report**

سۆھبەت جەدۋىلى، سۆھبەت جەريانىدىكى پاناھلانغۇچى بەرگەن بايانلارنى ئەنگە ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس خاتىرە جەدۋىلى بولۇپ. ئالدىنالا بېكىتىلگەن سۇئاللاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ سۇئاللار پاناھلانغۇچىلارنىڭ بىئوگرفىك( بارماق ئىزى، كۆز رەڭگى...)  ئۇچۇرلىرى، كىملىك ئالامەتلىرى، ئۆزى تەۋە دۆلىتىدىن قېچىش جەريانلىرى ۋە پاناھلىق تىلەشتىكى ئاساسلىرى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ جەدۋەل تولدۇرۇلغاندىن كېيىن چوقۇم پاناھلانغۇچىلارغا كوپىيەسە بېرىلىشى كېرەك.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا، سۆھبەتنى ئېلىپ بارغان خادىم چوقۇم بۇ سۆھبەت جەدۋىلگە تولدۇرۇلغان ئۇچۇرلارنى بىر بىرلەپ پاناھلانغۇچىغا ئوقۇپ بېرىشى، پاناھلانغۇچىنىڭ كەم قالغان نوقتىلارنى، خاتا بولغان بايانلارنى ياكى قوشماقچى بولغان مەزمۇنلارنى تولۇقلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.
پاناھلانغۇچى بايانى تولۇقلانغاندىن كېيىن بۇ بايان، پاناھلانغۇچى تەرىپىدىن ئىمزالىنىدۇ ۋە ئىمزالانغان كوپىيەسى پاناھلانغۇچىغا بېرىلىدۇ. ئەگەر مەسئۇل خادىم ئىمزالانغان كوپىيەنى بەرمىسە، پاناھلانغۇچى چوقۇم تەلەپ قىلىشى كېرەك، چۈنكى تۈركىيەنىڭ بەزى ۋىلايەتلىرىدىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسى خادىملىرى پاناھلانغۇچى بايانىنىڭ كوپىيەسىنى بەرمەيدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلگەن.

بېرىلگەن قارارغا قايتا ئىلتىماس-  **Appeal**

پاناھلانغۇچى ھەققىدە بېرىلگەن قارار چوقۇم يازما شەكىلدە ۋە قانۇنى ھەم ئوبىكتىپ سەۋەپلەرگە ئاساسلىنىپ  يېزىلىشى كېرەك. (gerekçeli karar)

ئەگەر پاناھلانغۇچى ھەققىدە بېرىلگەن قارار ئىلتىماسنىڭ رەت قىلىنىشى ھەققىدە بولغان بولسا، بېرىلگەن قاراردا بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەم باسقۇچلار ئېنىق ھالدا چۈشەندۈرۈلىشى، كېيىنكى قايتا ئىلتىماس جەريانىنىڭ قاچان ۋە نەدە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىلىشى كېرەك.
رەت قىلىش قارارى بېرىلگەن ئەھۋال ئاستىدا، بېرىلگەن قارارغا قارىتا پاناھلانغۇچىنىڭ ھەم ئەدلىيە جەھەتتىن ھەم ئىدارىي جەھەتتىن قايسى ئورۇنلارغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق بېرىلگەن قارارغا ئېتىراز بىلدۈرۈش يوللىرى ئېنىق كۆرسىتىلىشى كېرەك.

بېرىلگەن رەت قارارىغا قارىتا دەسلەپكى ئىدارى ئېتىراز، ۋىلايەتلىك كۆچمەنلەر باش مۇدۇرلىكىنىڭ پاناھلانغۇچىلارنىڭ قوغدىنىش ھوقۇقىنى باھالاپ چىقىشقا مەسئۇل كومىسسىيەسىگە رەت قارارى بېرىلىپ 10 كۈن ئىچىدە يوللىنىدۇ. ئەگەر ئىدارىي ئېتىراز جەريانىدىنمۇ رەت قارارى چىققان تەقدىردە 30 كۈن مۆھلەت ئىچىدە مەمۇرى مەھكىمە ياكى ئىدارى سوتقا ئەرز سۇنۇش ھوقۇقىڭىز بار. تاكى پۈتۈن ئېتىراز يوللىرى ئاخىرلاشقۇچە پاناھلانغۇچىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ
[

سوت قارارلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى يول، دانىشتاي ياكى دۆلەت ئىستىشارە كومىتېتى
**Onward appeal before the Council of State**

پاناھلانغۇچى بارلىق ئىدارى ۋە مەمۇرى سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز بېرىش يوللىرىنى تۈگەتكەندە ئەڭ ئاخىرىدا ئەرز بېرىدىغان يول دۆلەتلىك ئىستىشارە كومىتېتى ياكى تۈركىيەدە دانىشتاي دەپ ئاتالغان ئەڭ يۇقۇرى ئەرزىيەت ئورگىنى ھىساپلىنىدۇ. بۇ ئورگانغا ئاخىرقى ئەرزنامە بېرىشنىڭ ۋاقتى سوت قارارىدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە بولىشى كېرەك.
پاناھلانغۇچىنىڭ ئەرزىيىتى دۆلەت ئىستىشارە كومىتېتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان تەقدىردە، پاناھلانغۇچىنىڭ پۈتۈن قانۇنى ھەقلىرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ ۋە چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش ئىشلەملىرى باشلىنىدۇ.

## 7- قانۇنى ياردەم- Legal assistance

بارلىق پاناھلانغۇچىلارنىڭ، خەلقئارالىق قوغدىنىشتىن پايدىلىنىشنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىۋى سۈپىتىدە ئۆزلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قانۇنى ۋەكىل ياكى ئادۇكات تۇتۇش ھوقۇقى بار بولۇپ، كۆپ دۆلەتلەر، مەۋجۇت ئىمكانلارنىڭ چەكلىك بولىشى سەۋەپلىك ئادۇكاتلار ھەققىنى پاناھلانغۇچىنىڭ تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
تۈركىيەدىكى ئەھۋالمۇ پەرقلىق ئەمەس. خالىسانە ياردەم قىلىشنى خالايدىغان ئادۇكاتلاردىن باشقا، نورمال ئەۋال ئاستىدا ئادۇكاتلار بەلگىلىك مىقتاردا ھەق تەلەپ قىلىدۇ. تۈركىيەدىكى پاناھلىق جەريانلىرىدا تەجرىبىلىك ئادۇكاتلار بىلەن مۇۋاپىق ھالدا پاراڭلىشىڭىپ ئالدىنئالا تۆلىنىدىغان ھەقنىڭ مىقتارىنى بىكىتىۋالغان ئەۋزەل.

يۇقۇرى سوتقا ئەرز سۇنۇشتا قانۇنى ياردەم جەريانلىرى-**Legal assistance in judicial appeals**

ئىقتىسادى ئىمكانى بولمىغان پاناھلانغۇچىلارغا قارىتا ھەر بىر ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى قانۇن جەمىيەتلىرى، خەلقئارالىق پاناھلىنىش جەريانلىرىغا دائىر ئادۋۇكات چىقىملىرى ئۈچۈن "ئەدلىيە ياردىمى(adli yardim) بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەدلىيە ياردىمىغا ئىلتىماس قىلىش شەرتلىرى بولسا ۋىلايەتتىن ۋىلايەتكە قاراپ پەرىقلىنىدۇ. بەزى ۋىلايەتلەر ئەدلىيە ياردىمى ئۈچۈن كەمبىغەللىك كىنىشكىسى تەلەپ قىلسا بەزى ۋىلايەتلەر  تەلەپ قىلمايدۇ.

## 8- تۈركىيەدىكى كۆچ ئىدارىسى ئادرىسلىرى

**<u>Ankara İl Göç İdaresi Müdürlüğü</u>**

Adres : Barbaros Mahallesi Binnaz Sokak No: 2 Çankaya/Ankara
Telefon : 0 312 439 40 40ئ Fax : 0 312 439 40 66
Mail : ankara@goc.gov.tr

**<u>Adana İl Göç İdaresi Müdürlüğü</u>**

Adres :Atakent Mah. Selahattin Çolak Bulvarı No:88 Yüreğir/Adana
Telefon : 0 322 346 35 61ئ Fax : 0 322 346 46 64
Mail :adana@goc.gov.tr

**<u>İstanbul İl Göç Müdürlüğü</u>**

Adres:Hırka-İ Şerif Mahallesi No: 64 Fatih/İstanbul
Telefon :0212 499 40 00ئ Fax: 0212 455 78 99ئ Mail: istanbul@goc.gov.tr

باشقا مۇناسىۋەتلىك ئادرىسلەرنى كۆچ ئىدارىسى تور سەھىپىسىدىن قولايلىق بىلەن تېپىۋېلىش مۇمكىن.

## 9- تۈركىيەدە دۆلەت تەۋەلىكسىز قالغانلارنىڭ ھەق ھوقۇقى (ۋەتەنسىزلارنىڭ ھەق ھوقۇقى) ۋە كاپالەتلىرى

تۈركىيەدە  ۋەتەنسىز ياكى دۆلەت تەۋەلىكسىز كىشىلەر قانۇنى جەھەتتىن تۆۋەندىكى ھەق ھوقۇقلارغا ئىگە:

قانۇندا بەلگۈلەنگەن تۈركىيەدە تۇرۇش رۇقسىتىدىن بىرسىگە ئىلتىماس قىلىش،
جامائەت تەرتىۋى ۋە جەمىيەت ئامانلىقىغا جىددى تەھدىت پەيدا قىلمىغان مۇددەتچە چېگرادىن چىقىرىۋېتىلمەسلىك

چەتئەللىكلەرگە قارىتا يولغا قويۇلغان ئىككى تەرەپلىمىلىك ( چەتئەللىك تەۋە بولغان دۆلەت بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك كېلىشىملەردىن) مەسئۇلىيەتچانلىقتىن خالى تۇتۇلۇش، ئىشلەش ھوقۇقى ۋە پاسپورت( ساياھات پاسپورتى) تەلەپ قىلىش ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش

## 10-پاناھلانغۇچىلارغا ياردەم تەشكىلاتلىرى:

1-پاناھلانغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىق جەمىيىتى

MÜLTECİLERLE DAYANIŞMA DERNEĞİ
Anafartalar Cad. Salepçioğlu İşhanı No:96/511 Konak - İZMİR
Tel&Faks: +90 232 483 54 21
www.multeci.org.tr
bilgi@multeci.org.tr ئ ISBN: 978-605-65304

2-خەلقئارالىق پاناھلانغۇچىلار ھەق ھوقۇقلىرى جەمىيىتى

Uluslararasi Multeci haklari  dernegi
Adres: Ali Kuşçu Mah. Fatih Türbesi Sokak, No: 31 Daire: 2 , Fatih / İstanbul
**Tel:** +90(212) 531 20 25/ **Fax:** +90(212) 531 20 26/ Email: info [@] umhd.org.tr
https://www.umhd.org.tr/

**-3      تۈركىيە ئىنسانى ياردەم ۋەخپىسى**                                   -

**Turkiye Insani Yardim Vakfi**

**+90 212 631 21 21,** Fax: +90 212 621 70 51, info@ihh.org.tr, insani@hs01.kep.tr

Büyük Karaman Cad. Taylasan Sk. No: 3  Fatih / İstanbul / Turkey

# خۇلاسە
# تۈركىيەدە پاناھلىق باسقۇچلىرى



# پاناھلىنىش باسقۇچلىرى

**تۇتۇلغان ئورۇندىكى كۆچ ئىدارىسىگە ئىلتىماس قىلىش**

**رايۇنلۇق كۆچ ئىدارىسگە ئىلتىماس**

رايۇنلۇق كۆچ ئىدارىسگە تىزىملىتىش

تىزلەشتۈرۈلگەن جەريان 8 كۈن

نورمال جەريان 6 ئاي

**رەت قىلىنىش**

ئىدارىي سوتقا قايتا ئەرز سۇنۇش

مىنىستىرلار كابىنىتىغا ئەرز سۇنۇش

پاناھلانغۇچى سالاھىيەت
شەرتلىق پاناھلانغۇچى سالسھىيەت
دەرىجىلىك قوغدۇنۇش سالسھىيىتى-2

قوبۇل بولغان ئەھۋالدا




https://en.goc.gov.tr/international-protection17

پايدىلانغان مەنبەلەر:

بۇ ھەققىدىكى ئۇچۇرلار، ياۋرۇپا بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى بولغان پاناھلانغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرى ( Asylum Information Database) ۋە ب د ت پ ئا ك تەرىپىدىن تەييارلانغان "پاناھلانغۇچىلار دۇنياسى"(refworld.org) ۋە شۇنداقلا تۈركىيە چەتئەللىكلەر ۋە خەلقئارالىق پاناھلانغۇچىلار قانۇنىدىن پايدىلىنىپ ئاددىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلاندى.

https://www.asylumineurope.org/reports/country/turkey/regular-procedure#_ftn1

http://www.multeci.org.tr/wp-content/uploads/2016/10/Turkiye-de-Multecilerin-Kabul-Kosullari-Hak-ve-Hizmetlere-Erisimleri-Uydu-Kentler-Izleme-ve-Raporla.pdf

Turkish immigration law
https://www.loc.gov/law/help/refugee-law/turkey.php#:~:text=While%20Turkey%20still%20maintains%20the,duties%20in%20all%20eighty%2Done

## VI- قىسىم
## ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسى

### 1-  بۆلۈم: ب د ت پ ئا ك( ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى)
### United Nations High Commissioner for Refugees

پاناھلانغۇچىلار، ب د ت پ ئا ك ئىشخانىسىغا بېرىشتىن بۇرۇن، مەزكۇر دۆلەتتىكى ب د ت پ ئا ك ئىشخانىسىنىڭ 3-دۆلەتتىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئاندىن كېيىن بېرىشى كېرەك.

تۈركىيەدىكى ب د ت پ ئا ك ئىشخانىسى ئىككى يىلدىن بۇيان، يەنە 2018-يىلى 10-سىنتەبىردىن بۇيان پاناھلىق ئىلتىماسى قوبۇل قىلمايۋاتقىنى ئۈچۈن، تاكى ئۇلار تەكرار 3- دۆلەتتىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغۇچىلىك ئارلىقتا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشخانىغا بېرىشىنىڭ ھازىرچە پايدىسى يوق. بۇ ئىشخانا تەھقلىشتىن بۇرۇن ئىلتىماس سۇنغان ۋە قولىدا ئىلتىماس سۇنغانلىق ھەققىدە مەزكۇر ئىشخانا تەمىنلەپ بەرگەن پاناھلىنىش ئىسپات ئېلىپ بولغانلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسى نورمال ھالەتتە داۋام قىلىدۇ ۋە بۇ قېرىنداشلارنىڭ ماتېرىياللىرى كانادا دۆلىتىگە تاپشۇرۇلۇپ بېرىلدى. تاكى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ 3- بىخەتەر دۆلەتكە ئورۇنلىشىشى كاپالەتكە ئىگە بولغىچە بىز ئارقىسىدىن سۈرۈشتە قىلىشنى توختاتمايمىز.  ب د ت پ ئا ك ئىشخانىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى 2018-يىلى 10-سىنتەبىردىن باشلاپ تۈركىيە  ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەۋە تۈركىيە كۆچ ئىدارىسى  تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.
 بۇ ھەققىدە يۇقۇرىدا مەلۇمات بەردۇق

### 2-  بۆلۈم: ب د ت پ ئا ك ( ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى
### بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا ئىشخانىسى== UNHCR in Bosnia and Hersegovina

بوسنىيە ياۋرۇپاغا تەۋە كۆپ سانلىق مۇسۇلمان بولغان فىدىرال بىر دۆلەت. شۇنداقلا 1990-يىللارنىڭ بېشىدا سابىق يوگۇسلاۋىيەدىن پارچىلىنىپ مۇستەققىللىق ئىلان قىلغاندىن كېيىنلا يوگۇسلاۋىيەنى ئۇزۇن يىللار باشقۇرۇپ كەلگەن سېربلارنىڭ ئېرقى قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان ۋە ئېغىر بەدەل تۆلىگەن بىر مىللەت. بۇ بەدەل ئىچىدە ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇش، دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە بېرىپ پاناھلىق ئىزلەش، ئىرقى ۋە دىنى قىرغىنچىكىققا دۇچار بولۇش قاتارلىقلار بار. بوسنىيە قىرغىنچىلىقىغا جاۋاپكار بولغان سابىق پرەزىدىنت سلوۋادان مىلوسوۋىچ ئۇرۇش جىنايىتى ۋە مىللى قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن خەلقئارا جىنايەت سوت مەھكىمىسىدە  سوتلىنىپ جازالاندى.

شۇ سەۋەپتىن بوسنىيە خەلقى، يۇرتلىرىدىن زۇلۇمدىن قېچىپ ياقا يۇرتلارغا پاناھلىق ئىزلەپ قېچىپ چىققان پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان خەلق.
بوسنىيەدە ب د ت پ ئا ك ئىشخانىسى بار بولۇپ، پاناھلىق جەريانلىرى ئاددى، پاناھلانغۇچىلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى يۇمشاق، ئەڭ موھىمى پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتى قىسقا

بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكى قاتارلىقلار، بۇ يەردە مىسال ئېلىپ تونۇشتۇرۇشىمىزغا يېتەرلىك سەۋەپ بولالايدۇ. بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە دەپ قارالماقتا. شۇ سەۋەپتىن بوسنىيە ھەققىدە ئالاھىدە توختۇلۇشقا توغرا كەلدى.

ئۇنداقتا بوسنىيەگە بېرىپ قالغان ئۇيغۇرلار ب د ت ئىشخانىسىغا قاچان ۋە قانداق ئىلتىماس سۇنىدۇ؟ تۆۋەندىكى مەلۇماتلار قىزىققۇچىلارغا موھىم يىپ ئۇچى بېرەلەيدۇ.

## 3- بۆلۈم: بوسنىيەدە پاناھلىق جەريانلىرى

بوسنىيەگە قەدەم باسقىنىڭىزدا، ياكى سىز كىرگەن چېگرا ساقچىسىغا ياكى چەتئەللىكلەر ئىشخانىسىغا مەسئۇل خادىملاردىن پاناھلىق تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. بوسنىيەدە پاناھلىق تەلەپ قىلىشنىڭ تەپسىلى قەدەم باسقۇچلىرى سىستېمىلاشقان ھالدا بار بولۇپ، پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ بارلىق جەريانلىرىدا سىز ھەقسىز تەرجىمانغا ۋە ھەقسىز ئادۋوكاتقا ئىلتىماس قىلالايسىز.

### ( 1)-قەدەم، پاناھلىنىش نىيىتىڭىزنى ئىپادىلەش Expression of Intent for Asylum

بوسنىيەنىڭ پاناھلىنىشقا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە، سىز بۇ ئىشخانا خادىملىرىغا پاناھلىق تەلىۋى بىلەن كەلگىنىڭىزدە، پاناھلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئىپادىلەش بىلەنلا قالماي، پاناھلىق تىلەش نىيىتىڭىزگە دائىر ماتېرىياللارنى ئىمزا ئارقىلىق جەزملەشتۈرۈشىڭىز تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنى بۇ باسقۇچلار سىزنىڭ پاناھلىق تىلەشتە نىيىتىڭىزنىڭ جىددى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر سىز دەسلەپ كىرگەن ۋاقتىڭىزدىلا پاناھلىق تىلەش نىيىتىڭىزنى ئىپادىلىگەن بولسىڭىز، چېگرا ساقچىسى سىزنى چەتئەللىكلەر ئىشخانىسى خادىمىغا يوللاپ بېرىدۇ. چەتئەللىكلەر ئىشخانىسى خادىمى پاناھلىنىشنى تەلەپ قىلغانلىق بايانىنامىسىغا( ئاق قەغەز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىمزا قويدۇرۇپ سىزگە 14 كۈنلۈك ئىناۋەتكە ئىگە تۇرۇش رۇقستى بېرىدۇ. سىز بۇ ھۆججەتنى ھەر دائىم ياخشى ساقلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز سارايېۋو( Sarayevo ياكى Saraybosna) شەھرىدە بولسىڭىز، سىز پاناھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى چەتئەللىكلەر ئىشخانىسىدىكى (Service for Foreigners office) خادىملاردىن ئالالايسىز. چەتئەللىكلەر ئىشخانىسى ئادرېسى سارايېۋو شەھرىگە يېقىن Hadžići دېگەن جايدىكى Ušivak ۋاقىتلىق مۇلازىمەت ئورنى بولۇپ ھەپتە ئىچىدە ئەتتىگەن سائەت 10دىن چۈشتىن كېيىن 2 ئارىسىدا مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئىش ۋاقىتلىرى قىسقا ئۇقتۇرۇش بىلەن ئۆزگۈرۈپ تۇرىشى مۇمكىن.

### (2) قەدەم: چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزى. Foreigners Service Center

چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزى، ئەگەر ياردەمگە ئېھتىياجىڭىز بولغان ئەھۋالدا، ئىمكانىيەتىنىڭ يار بېرىشىگە قاراپ، سىزگە تۇرالغۇ ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايلارغا تونۇشتۇرىشى مۇمكىن. سىز ئەڭ ياخشىسى چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن تۇرالغۇ ياردەم قىلىدىغان مەركەزلەرگە بارغىنىڭىز

ياخشىراق، چۈنكى چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزى تونۇشتۇرماستىن بارسىڭىز كۆتۈلمىگەن  توسالغۇغا ئۇچراپ قالىسىز.

پاناھلىق تىلىگۈچىلەر يەنە شەخسى ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى تاللىيالايدۇ.  ئەگەر سىز شەخسى ئۆي ئىجارىگە ئېلىشنى ئويلاشقان بولسىڭىز، پاناھلىق نىيىتىڭىزنى بايان قىلىپ  بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ قولىڭىزغا بەرگەن ۋاقىتلىق كىنىشكىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى ئىچىدە ئۆي تېپىپ، يېڭى ئادرېسىڭىزنى چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزىگە 3 كۈن ئىچىدە  بىلدۈرىشىڭىز كېرەك.

سىز چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزىگە بارغاندا سىز ئىجارە ئالغان ئۆينىڭ ئىگىسى سىز بىلەن بىللە بېرىشى كېرەك. سىز ئادرېسىڭىزنى تىزىملاتقاندىن كېيىن چەتئەللىكلەر مۇلازىمەت مەركىزى سىزگە يېڭى بىر بەلگە چىقىرىپ بېرىدۇ( بۇنى ئاق قەغەز دەپمۇ ئاتايدۇ).   سىز رەسمى ھالدا پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزنى تاپشۇرغاندا جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پاناھلىق تىلەش ئورنىغا بۇ ئاق قەغەز دەپ ئاتالغان سىزنىڭ ئادرېسىڭىز تىزىملانغان بەلگىنى بىللە ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.  ۋاشا پراۋا ( [Vaša Prava](Vaša Prava) ) دەپ ئاتالغان ب د ت پاناھلىق ئالى كومىسسارلىقىنىڭ ھەقسىز قانۇنى ياردەم ئورتاقلىرى تەمىنلىگەن پاناھلىق ئادۇكاتلىرى پۈتۈن بۇ جەريانلاردا سىزگە ياردەمچى بولالايدۇ. بۇ ھەققىدە سىز ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى ئۇچۇر مەركىزىدىن تولۇق مەلۇمات ئالالايسىز.

[(s free legal aid partner’Vaša Prava (UNHCR](#)
[s Information Centre’UNHCR](#)

سىز چوقۇم خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى پاناھلانغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ خادىملىرىنىڭ سىز تۇرغان كۆتۈۋېلىش مەركەزلىرىدىكى ئادرېستىن   ياكى سىز تۇرىۋاتقان شەخسى ئادرېستىن  سىز بىلەن ئالاقە قىلىپ رەسمى سۆھبەت كۈنىنى ئورۇنلاشتۇرىشىنى ساقلاڭ.

3-قەدەم

## دەسلەپكى سۆھبەت        Initial Interview

بۇ. پاناھلىق ئىلتىماسىنى خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى قارمىقىدىكى پاناھلىق باشقارمىسىغا تىزىملىتىش ۋە پاناھلانغۇچى قارتى ( سېرىق كارت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېلىش باسقۇچىدۇر.

سىز پاناھلىق تىلەش نىيىتىڭىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى تارمىقىدىكى پاناھلىنىش باشقارمىسىنىڭ خادىمى سىز تۇرىۋاتقان  ئادرېسىڭىز ئارقىلىق سىزنى ئىزلەيدۇ ۋە سۆھبەت ئۈچۈن تىزىملىتىدۇ.
پاناھلىق باشقارمىسىنىڭ خادىمى سىزنىڭ پاناھلىقىڭىزغا دائىر سۇئاللارنى سوراپ،  پاناھلىق ئۈچۈن تاپشۇرۇشقا تىگىشلىك رەسمى پاناھلىق جەدۋىلىڭىزنى  تولدۇرىدۇ. بۇ سۆھبەت جەريانىدا سىزنىڭ،  ب د ت پاناھلىق ئالى كومىسسارلىقى ئىشخانىسى تەمىنلىگەن ئادۇكاتلارنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىڭىز بار.
ئەگەر سىزنىڭ پاسپورتىڭىز ياكى ساياھەت  قىلىشقا ئىشلەتكەن باشقا دوكۇمىنتلىرىڭىز بولسا بۇلارنى پاناھلىق خادىملىرى تاكى سىزنىڭ پاناھلىقىڭىز بىر تەرەپ بولغىچە ئېلىپ قالىدۇ. بۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.

تىزىملىتىش سۆھبىتىدىن كېيىن، پاناھلىق باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى، سۆھبەتتىن كېيىن 3 كۈن ئىچىدە سىزگە ئىناۋەتلىك مۇددىتى 3 ئاي بولغان سېرىق قارت ياكى پاناھلانغۇچى قارتى بېرىدۇ. سىز بۇ قارتنى ھەر دائىم يېنىڭىزدا ساقلىشىڭىز كېرەك.

پاناھلىق خادىملىرى بۇ قارت تەييار بولغاندا سىز بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. تىزىملاتقان پاناھلانغۇچىلار تاكى پاناھلانغۇچىنىڭ ئاخىرقى قارارى چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ دۆلەتتە ياشاش ۋە بەلگۈلەنگەن ھەق ھوقۇقلاردىن ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

## 4- قەدەم: ئىككىنچى سۆھبەت
## پاناھلانغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش Determination of status

خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پاناھلانغۇچىلار باشقارما خادىملىرى سىزنى 2- قېتىملىق سۆھبەتكە چاقىرغاندا، پاناھلانغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىگە قارار بېرىدىغان خادىم بىلەن كۆرۈشىسىز ۋە بۇ خادىم سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا قاراپ چىقىپ 6 ئاي ئىچىدە سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا قارار بېرىش مۇددىتى 18 ئايغىچە ئۇزىراپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا بولسا خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پاناھلانغۇچىلارغا مەسئۇل خادىمى بۇ جەريانلارنى تېزلەشتۈرۈپ 30 كۈن ئىچىدە سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى رەت قىلىشىمۇ مۇمكىن. سىز پاناھلىق ئىلتىماسى سۇنغاندىن باشلاپ تاكى ئاخىرقى قارار بېرىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا سىز بوسنىيە دۆلىتىدە قانۇنلۇق تۇرالايسىز ۋە بىكارلىق تەرجىمان ۋە بىكارلىق ئادۇكات تەلەپ قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولالايسىز.

پاناھلىق قانۇنى بويىچە ئەگەر سىز پاناھلىق سالاھىيىتى تەلەپ قىلغان شەرتلەرگە توشقان بولسىڭىز سىزنىڭ پاناھلىقىڭىز قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر پاناھلىقىڭىز رەت قىلىنغان بولسا سىزنىڭ تەكرار ئىلتىماس بېرىش ھوقۇقىڭىز بولىدۇ. قايتا ئىلتىماس قىلىش مۇددىتى نورمال ئەھۋالدا 15 كۈن ئىچىدە، تېزلەشتۈرۈلگەن ئەھۋالدا بولسا 8 كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىلتىماسىڭىز قوبۇل قىلىنغان ياكى مەلۇم قوغدىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولسىڭىز ، كىشىلىك ھوقۇق ۋە پاناھلانغۇچىلار مىنىستىرلىكى ، بوسنىيەدىكى پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەق ھوقۇقى ۋە ئېھتىياجلىرىغا جاۋاپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

**خۇلاسە**

ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىسسىرلىقىنىڭ بوسنىيەدىكى ئىشخانىسىنى مىسال ئۈچۈن ئالاھىدە چۈشەندۈرىشىمىزنىڭ سەۋەبى:

3- خىتاي پاسپورتى ئۈچۈن بۇ دۆلەتنىڭ 90 كۈنلۈك ساياھەت ئۈچۈن ۋىزا تەلەپ قىلماسلىقى، يەنى بوسنىيەگە كىرىشنىڭ قولايلىقى؛
4- پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ نىسبەتەن چاققان نەتىجىلىنىشى؛
5- مۇلازىمەت ۋە ھەر خىل ياردەملارنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىلىشى؛

6- بوسنىيە خەلقىنىڭ تېخى 30 يىلدىن ئاز بىر ۋاقىت بۇرۇن خۇددى بىز ئۇيغۇرلاردەك ئېرقىي قىرغىنچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش بېشىغا كۈن چۈشكەن پاناھلانغۇچىلارغا بولغان كۆڭۈل ھىسداشلىقى؛

7- بوسنىيە، ياۋرۇپا قىتئەسىگە جايلاشقان مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان دۆلەت بولغانلىقىدىن ئۇيغۇرلاردەك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر جەھەتتىن بۇ دۆلەتتە ئۆزلىرىنى نىسبەتەن راھەت ھىس قىلالىشى؛

8- بوسنىيەدىكى ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىغا ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ سانىنىڭ تۈركىيەگە قارىغاندا ئاز بولىشى ۋە ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ جەنۇەدىكى باش شتاۋى بىلەن بولغان ھەر جەھەتتىكى يېقىنلىقى ۋە زىچ ئىشبىرلىكى، شۇ سەۋەپتىن 3-دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇددىتىنىڭ قىسقا بولىشى.

9- كۆپلىگەن غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىدىن پاناھلانغۇچى قوبۇل قىلغاندا بوسنىيەدىكى پاناھلانغۇچىلارنى تاللاشقا كۆپرەك مايىللىقى؛

مانا بۇلار ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى ئەۋزەللىكتىن ئىبارەت.  شۇڭا ئويلىشىشقا ئەرزىيدىغان بىر موھىم مەنزىل نوقتىسى بولالايدۇ.

مەنبە
https://help.unhcr.org/bosniaandherzegovina/where-to-seek-help/
http://sps.gov.ba/terenski-centri/?lang=en
https://blog.refugee.info/bosnia-how-to-register-and-claim-asylum/

**ئادرىس:**

UNHCR
The UN Refugee Agency

## Contact Information

**Representation in Bosnia and Herzegovina**

**Style of Address:**
Fra Andjela Zvizdovica 1,71000
Sarajevo, BiH

**Street Address:**
UNITIC Building, Fra Andjela
Zvizdovica 1, 71000 Sarajevo,
Bosnia and Herzegovina

**Mailing Address:**

**Working Hours:**
Monday: 8:30 - 17:30
Tuesday: 8:30 - 17:30
Wednesday: 8:30 - 17:30
Thursday: 8:30 - 17:30
Friday: 8:30 - 17:30
Saturday:
Sunday:

**Public Holidays:**

# Bosnia and Herzegovina

## Contact Information

**Representation in Bosnia and Herzegovina**

**:Style of Address**
Fra Andjela Zvizdovica 1,71000 Sarajevo, BiH
**Street Address**
**:**
UNITIC Building, Fra Andjela Zvizdovica 1, 71000 Sarajevo, Bosnia and Herzegovina
**:Mailing Address**

UNITIC Building, Fra Andjela Zvizdovica 1, 71000 Sarajevo, Bosnia and Herzegovina
**:Telephone**
160 666 33 387
**:Facsimile**
480 290 33 387
**:Email**
bsnsa@unhcr.org
**:Time Zone**
GMT + 1
**:Working Hours**
Monday: 8:30 - 17:30
Tuesday: 8:30 - 17:30
Wednesday: 8:30 - 17:30
Thursday: 8:30 - 17:30
Friday: 8:30 - 17:30
:Saturday
:Sunday
**:Public Holidays**
January 2020, New Year's Day 01
January 2020, Orthodox Christmas 07
March 2020, Independence Day (observed) 02
April 2020, Catholic Easter (observed) 13
April 2020, Orthodox Easter (observed) 20
May 2020, Labor Day 01
May 2020, Muslim R. Bajram (observed) 25
July 2020, Muslim K. Bajram 31
November 2020, National Day 25
December 2020, Christmas Day 25

https://www.google.com/maps/search/Street+Address:+UNITIC+Building,+Fra+Andjela+Zvizdovica+1,+71000+Sarajevo,+Bosnia+and+Herzegovina/@43.8570585,18.4041126,17z/data=!3m1!4b1

بوسنىيەگە كىرىش ۋىزىسى

خىتاي ۋە بوسنىيە ئوتتۇرىسىدا 2018-يىلى 29-ماي  كۈنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئادەتتىكى پاسپورت بىلەن ساياھەت قىلغۇچىلاردىن ۋىزا ئېلىشنى بىكار قىلىش ھەققىدە ئىمزالانغان كېلىشىم  بويىچە، خىتاي

پاسپورتى بىلەن ساياھەت قىلغان بىر خىتاي پۇقراسى 90 كۈن تۇرۇش مۇددىتى بىلەن بوسنىيەگە ۋىزاسىز كىرەلەيدۇ.

http://www.bhembassychina.com/requirements.php#:~:text=Please%20be%20informed%20that%20citizens,visa%20is%20free%20of%20charge.

## VII-قىسىم:

## پاناھلىق ئىلتىماسى قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلاشقا تېگىشلىك خۇسۇسىي ئۇچۇرلار

تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىغا پاناھلىق ئىلتىماسى قىلىش جەريانىدا بولسۇن ياكى خالىغان دۆلەتتىن پاناھلىق تىلەش جەريانىدا بولسۇن، دائىملىق تەلەپ قىلىنىدىغان ئۇچۇرلار بولغاچقا پاناھلانماقچى بولغان كىشى بۇ مەلۇماتلارنى ئالدىن-ئالا تەييارلاپ قويغىنى پاناھلىق جەريانىنى تېزلەشتۈرۈشتە كۆپ پايدىلىق رول ئوينايدۇ.

شۇ سەۋەپتىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەدۋەلنى، كانادا كۆچمەنلەر ۋە پاناھلانغۇچىلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەلەپ قىلغان ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇرچە تەييارلاپ سىلەرگە سۇندۇق.

بۇ جەۋەللەردە سورالغان سۇئاللار، سىزنىڭ ھەر قانداق بىر دۆلەتتە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرىشىڭىز ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچ رول ئوينىغاچقا، ئېرىنمەي ھەر بىر لىنىيە بويىچە  بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىندى. قېرىنداشلارنىڭ بۇ جەدۋەلدىكى ئۇچۇرلارنى پايدىلىنىش رەھبىرى سۈپىتىدە پايدىلانسا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى پانالىق ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

**ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئۇچۇرلا- دەسلەپكى نۇسخا –  كانادانا كۆچمەنلەر مىنىستىرلىكى رەسمى جەدۋەللىرىدىكى تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەملەرگە  ئاساسەن تۈزۈلدى**

**سىز كىم؟**

ئىسمىڭىز: ——————————————————————————————————————

فامىلىڭىز: ——————————————————————————————————————

تۇغۇلغان ۋاقتىڭىز ( يىل، ئاي، كۈن ): ——————————————————————————————————

جىنسىڭىز ( ئەر/ ئايال ): ——————————————————————————————————

دۆلەت تەۋەلىكىڭىز، مىللىتىڭىز ۋە ئىرقىڭىز: ——————————————————————————————

دىنىڭىز ۋە دىنى مەزھىپىڭىز ( مەزھىبىڭىز ): ——————————————————————————————

سىز، ئانا تىلىڭىز ۋە  قايسى تىللارنى بىلىسىز؟

— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — —

**سىز نېمە ئۈچۈن پاناھلىق تىلەيسىز؟**

بۇ بۆلەكتىكى سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە ئۇچۇرلارنى رەت تەرتىپى بويىچە ئەڭ بۇرۇن يۈز بەرگەندىن باشلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ( ياكى ئەڭ يېقىندا ) يۈز بەرگەنگە قاراپ يېزىڭ.

ئىلتىماسىڭىز ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارىغان بارلىق ئۇچۇرلارنى ئىمكان بار يۈز بەرگەن ۋاقىت، ئورۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشى ئىسىملىرى بىلەن قوشۇپ يېزىڭ.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ زىيانكەشلىككە، خورلۇققا ياكى تەھدىتكە ئۇچراشتىكى سەۋەبىنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟ ( ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە مۇناسىۋەتلىك ۋاقىت، ئورۇن ۋە كىشى ئىسىملىرىنى قوشۇپ يېزىڭ ) ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —

سىز ئۆز دۆلىتىڭىزدىكى ساقچى دائىرىلىرى ياكى باشقا تەشكىلي دائىرىلەردىن سىزنى قوغداشنى ياكى سىزگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدىڭىزمۇ؟ ھەئە / ياق

ئەگەر < ياق > دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىغانلىقىڭىزنى تەپسىلي چۈشەندۈرۈڭ.

ياق، خىتايدا ساقچىلار ئۇيغۇرلارنى قوغدىمايدۇ— — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —
— — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — — —

———————————————————————————————————
———

ئەگەر < ھەئە > دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، كىمدىن ياردەم سورىدىڭىز؟ قانداق يوللارنى ماڭدىڭىز؟ ۋە ئاخىرىدا قانداق نەتىجە بولدى؟ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ (ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە مۇناسىۋەتلىك ۋاقىت، ئورۇن ۋە كىشى ئىسىملىرىنى قوشۇپ يېزىڭ) ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
————————————————————————

سىز بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن دۆلىتىڭىزدىكى باشقا يەرلەرگە يۆتكەلدىڭىزمۇ؟ ھەئە / ياق

ئەگەر < ياق > دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىغانلىقىڭىزنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتايدىكى ھېچ بىر جاي بىخەتەر ئەمەس———————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
———————————————————————————————————
——————————

ئەگەر < ھەئە > دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن يۆتكىلىپ بارغان يەردىن كەتتىڭىز؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇ يەردىمۇ ياكى دۆلىتىڭىزنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ تۇرالمىدىڭىز ۋە تۇرالمايسىز؟ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ. ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

———————————————————————————————————
———————————————————————————————————

————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————

سىز دۆلىتىڭىزدىن قاچان چىقىپ كەتتىڭىز؟ ( يىل، ئاي، كۈنلىرى بىلەن يېزىڭ )

————————————————————————————————————
——————————————

نېمە ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتا چىقىپ كەتتىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن چىقىپ كەتمىدىڭىز؟ ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————

بېخەتەرلىك ئىزدەپ كانادادىن باشقا دۆلەتلەرگە باردىڭىزمۇ؟ ھەئە / ياق

ئەگەر < ھەئە > دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، سىز بارغان دۆلەتنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇ دۆلەتكە قاچان باردىڭىز؟ ئۇ دۆلەتتە قانچە ئۇزۇن تۇردىڭىز؟ ئۇ دۆلەتتە پاناھلىنىشقا ئىلتىماس قىلدىڭىزمۇ؟ ئەگەر پاناھلىنىشقا ئىلتىماس قىلمىغان بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن ئىلتىماس قىلمىدىڭىز؟ تەپسىلي چۈشەندۈرۈڭ. ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————
————————————————————————————————————

بۇ پاناھلىنىش ئىلتىماسىڭىز ئۈچۈن سىز مۇھىم دەپ قارىغان باشقا ئۇچۇرلار بولسا، بۇ يەرگە يېزىڭ. ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

سىز بىلەن بىللە پاناھلىنىشقا ئىلتىماس قىلىۋاتقان 18 ياشتىن تۆۋەن باللار بارمۇ؟

ئەگەر 6 ياش ياكى 6 ياشتىن تۆۋەن بىر بالا سىز بىلەن بىللە پاناھلىنىشقا ئىلتىماس قىلىۋاتقان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ بالىنىڭ دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان ئەھۋالدا زىيانكەشلىككە، خورلۇققا ياكى تەھدىتكە ئۇچراش خەۋپى بولىدىغانلىقىنى تەپسىلي چۈشەندۈرۈڭ. ( پەقەت بالىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئىلتىماسىغا يېزىلمىغان كونكرېت ئۇچۇرلارنىلا يېزىڭ )

**سىزنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراش خەۋپىڭىز بولغان دۆلەتلەر**

سىز ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراش خەۋپى بار بولغان دۆلەت ياكى دۆلەتلەرنى يېزىڭ.

———————————————————————————————————————
—————————————

**دۆلەت تەۋەلىكىڭىز**

سىز پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ياكى پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ھەربىر دۆلەتنى يېزىڭ.

دۆلەت: ——————————————————————————————
—————————————
ھازىرقى سالاھىيىتىڭىز: ——————————————————————————
——————————

ئۇ دۆلەت ياكى دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىگە قانداق ئېرىشكەن؟ (مەسىلەن، تۇغۇلۇشتىن، توي قىلىش ئارقىلىق ۋە ياكى باشقىلار) پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ۋاقىت قاچان؟ (يىل، ئاي، كۈن)

———————————————————————————————————————
———————————————————————————————————————
——————————————————————————

**ئائىلىڭىز**

تۇغقانلىرىڭىزنى، مەيلى ھايات بولسۇن ياكى بولمىسۇن، تۆۋەندىكى رەت تەرتىپى بويىچە يېزىڭ. ئەگەر قالدۇرۇلغان ئورۇن يېتىشمىسە، مۇشۇ ئىلتىماس قەغىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى قوشۇمچە قەغەز ئىشلىتىڭ.

دادىڭىز: — تۇغۇلغان ۋاقتى، دۆلەت تەۋەلىكى، تۇرۇۋاتقان دۆلەت ۋە شەھرى
ئاپىڭىز: —ئوخشاش
قېرىنداشلىرىڭىز: ——ئوخشاش——————————————————————————
———————————————————————————————————————
———————————————————————————————————————
——————————————————————————

**بۇرۇنقى پاناھلىنىش ئىلتىماسلىرىڭىز**

سىز ياكى سىزنىڭ يۇقۇرىدا يېزىلغان تۇغقانلىرىڭىزدىن بىرەرسى كانادادا ياكى باشقا بىر دۆلەتتە ( كانادانىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى ئىش بېجىرىش ئىشخانىلىرى ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر مۇھاجىرلار ئالىي كومىسسارلىقى ئىشخانىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) مۇھاجىرلارنى قوغداش ياكى پاناھلىنىش ئىلتىماسى سۇنغان بولسا، تۆۋەنگە يېزىڭ.

________________________________________
________________________________________
___________________________
________________________________________
_____________

**ئىلتىماس سۇنغۇچى سىۆپىتىدە سىزنىڭ كاپالەتنامىڭىز**

ئەگەر بۇ ئىلتىماسنامىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن بىرەر تەرجىماننىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلمىغان بولسىڭىز، كاپالەتنامە (DECLATION A) A نى توشقۇزۇشىڭىز لازىم. ئەگەر بۇ ئىلتىماسنامىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن، بىرەر تەرجىماننىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلغان بولسىڭىز، بۇ يەرگە يېزىڭ. (سىز ئۈچۈن ئالاقە قىلىش قولايلىق بولغان تىلنى يېزىپ قويۇڭ)

________________________________________
________________________________________
___________________________
________________________________________
_____________

## كانادا ئۈچۈن ئاممۇباپ (GENERIC) ئىلتىماس جەدۋىلى – ئىلتىماس تەپسىلاتلىرى

1. سىز ئىلتىماس قىلىۋاتقان پروگرامما (پاناھلىق): ——————————————————————

2. سىز ئىلتىماس قىلىۋاتقان تۈر (كانادا ئىچى، كانادا سىرتى): ——————————————————

3. سىزنى قوشقاندا قانچە ئائىلە ئەزاسى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ؟ ——————————————————

4. ئالاقىلىشىش تىلى (ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە): ————————————————————————

5. كانادانىڭ قەيەرىدە ياشاشنى نىيەت قىلىۋاتىسىز؟ (ئۆلكە، شەھەر) ———————————————

## شەخسي ئۇچۇر تەپسىلاتلىرى

1. تولۇق ئىسمىڭىز (پاسپورتىڭىزدا ياكى ساياھەت پاسپورتىڭىزدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە يېزىڭ):

———————————————————————————————————————————————————————

2. بۇرۇن ئىشلەتكەن ياكى ھازىر ئىشلىتىۋاتقان باشقا ئىسىملىرىڭىزمۇ بارمۇ؟ (لەقەم، تەخەللۇس، توي قىلىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن فامىلە قاتارلىقلار)

ئۇيغۇرچە ئۆز ئىسمىڭىزنى يېزىڭ———————————————————————————————————————————

3. جىنسىڭىز:————————————————
4. بوي ئېگىزلىكىڭىز (cm): ———————— كۆزىڭىزنىڭ رەڭگى: ———————————————————
5. تۇغۇلغان ۋاقتىڭىز: يىل ———————————— ئاي ———————— كۈن ————————
6. تۇغۇلغان جايىڭىز (شەھەر، رايون): ———————————————————————————————
7. تۇغۇلغان دۆلىتىڭىز: ———————————————————————
8. دۆلەت تەۋەلىكىڭىز: ——————————————————————————
9. سىز ھازىر تۇرۇۋاتقان دۆلەت: ————————————————————————————
10. كاناداغا قاچان، قەيەردىن كىردىڭىز؟

————————————————————————————————————————————————————

11. بۇرۇن سىز تۇرغان دۆلەتلەر:
ئۆتكەن بەش يىل ئىچىدە، ئۆز دۆلىتىڭىزدىن باشقا بىرەر دۆلەتتە ئالتە ئايدىن ئارتۇق ياشىدىڭىزمۇ؟

| دۆلەت | سالاھىيىتىڭىز | باشقا | بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي، كۈن) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي، كۈن) |
| --- | --- | --- | --- | --- |

12. نىكاھلىنىش ئەھۋالىڭىز ( ئەگەر توي قىلغان بولسىڭىز، توي قىلغان ۋاقتىڭىزنى يېزىڭ ):

————————————————————————————————————————————————————

13. ھازىرقى جۆرىڭىزنىڭ ئىسىم – فامىلىسى: ————————————————————————————

14. سىز بۇرۇنمۇ توي قىلغانمۇ؟

————————————————————————————————————————————————————

**ئالاقە ئۇچۇرلىرى**

1. ھازىرقى تۇرۇشلۇق ئادرىسىڭىز:
پوچتا ساندۇق نومۇرى، تۇرالغۇ ئۆي نومۇرى، تۇرالغۇ كوچا نومۇرى، كوچا ئىسمى، شەھەر/رايون، ئۆلكە/ىشتات، دۆلەت

————————————————————————————————————————————————————————————————

2. تېلېفون نومۇرىڭىز: ————————————————————
3. باشقا تېلېفون نومۇرىڭىز: ——————————————————————
4. فاكس نومۇرىڭىز: ———————————————————
5. ئېلخەت ئادرىسىڭىز: ——————————————————————————————

**پاسپورت**

1. ئىناۋەتلىك پاسپورت / ساياھەت پاسپورتىڭىز بارمۇ؟ ————————————————
2. پاسپورت / ساياھەت پاسپورت نومۇرى ( پاسپورت / ساياھەت پاسپورتىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەينەن يېزىڭ ): ———————————————————————————————
3. تارقاتقان دۆلەت: ————————————————
4. تارقىتىلغان ۋاقىت: —————————————————
5. مۇددىتى توشىدىغان ۋاقىت: ——————————————————————

## كىملىك

1. كىملىكىڭىز بارمۇ؟ ——————————————————
2. كىملىك نومۇرى: ——————————————————————————
3. تارقاتقان دۆلەت: ——————————————————
4. تارقىتىلغان ۋاقىت ( يىل، ئاي، كۈن ): ——————————————————
5. مۇددىتى توشىدىغان ۋاقىت ( يىل، ئاي، كۈن ): ——————————————————

## ئوقۇش ۋە كەسپ ئۇچۇرلىرى

1. ئەڭ يۇقۇرى مەدەنىيەت سەۋىيىڭىز؟ ———————————————————————————
2. جەمئي قانچە يىللىق ئوقۇش تارىخىڭىز بار؟ ———————————————————————
3. ھازىرقى كەسپىڭىز: ———————————————————————————
4. قىلماقچى بولغان كەسپىڭىز: ———————————————————————————

## تىل ئۇچۇرلىرى

1. يەرلىك تىلىڭىز / ئانا تىلىڭىز: ———————————————————————————
2. ئىنگلىزچە / فرانسۇزچە تىلدا ئالاقە قىلالامسىز؟ ———————————————————————

3. قايسى تىلدا ئازادە ئالاقە قىلالايسىز؟ ——————————————————————————————

4. سىزگە تايىنىشلىق ھالدا سىز بىلەن بىللە ئىلتىماس قىلغان ئائىلە ئەزالىرىڭىز ============ ( جۆرىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىز، ئاتا-ئانىڭىز قاتارلىق 1-دەرىجىلىك بىۋاستە تۇققالار) بولسا يۇقۇرىدىكى ھەر بىر تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەم بويىچە ئوخشاش ھالدا ئايرىم ئايرىم تولدۇرۇڭ

**ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ كاپالەتنامىسى**

مەن يۇقۇرىدا تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ راست، تولۇق ھەم توغرا ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن.

ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ، ياكى 18 ياشتىن تۆۋەن بولغانلار ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ / قانۇني ۋەسىيسىنىڭ ئىمزاسى: ————————————————————————————————————————

ۋاقت: يىل ———————————— ئاي ———————————— كۈن —————————————

## جەدۋەل A : ئارقا كۆرۈنۈش / كاپالەتنامە

كومپيۇتېر ئارقىلىق ياكى قول يېزىغى بىلەن قارا سىياھتا خەتلەرنى ئېنىق قىلىپ يېزىڭ.

1. تولۇق ئىسىم – فامىلىڭىز: ——————————————————————————————————

2. تولۇق ئىسمىڭىزنىڭ ئۆز يەرلىك تىلىڭىز ياكى يېزىقىڭىزدا يېزىلىشى ( ئەرەبچە، سلاۋيانچە، خىتتايچە... قاتارلىقلار). بۇ بۆلەكتە، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ يەرلىك يېزىقى لاتىن يېزىقى بولمىسا، ئۆز يەرلىك يېزىقىدا يېزىشى كېرەك.

—مەسىلەن: ئوسمان باتۇر————————————————————————————————————————

3. تۇغۇلغان ۋاقتىڭىز: ——————————————————————————————————

- دادىڭىز توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار: ئىسىم - فامىلىسى؛ تۇغۇلغان ۋاقتى ( يىل-ئاي-كۈن )؛ تۇغۇلغان شەھەر/ رايون؛ تۇغۇلغان دۆلەت؛ ۋاپات بولغان ۋاقتى ( ئەگەر ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، يىل-ئاي-كۈن) :
————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————

- ئانىڭىز توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار: ئىسىم - فامىلىسى ؛ تۇغۇلغان ۋاقتى ( يىل-ئاي-كۈن )؛ تۇغۇلغان شەھەر/ رايون؛ تۇغۇلغان دۆلەت؛ ۋاپات بولغان ۋاقتى ( ئەگەر ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، يىل-ئاي-كۈن )
————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————————

4. ئەگەر سىز ئاساسلىق ئىلتىماس قىلغۇچى بولسىڭىز، كانادادا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئىلتىماسنامىڭىزدە قوشۇپ ئىلتىماس قىلىدىغان ئائىلە ئەزالىرىڭىز:

a. كانادانىڭ ئىچىدە، كانادا جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئاساسەن كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمىگەن بىرەر جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەنمۇ؟ ھەئە/ ياق

b. باشقا بىرەر دۆلەت ياكى رايوندا، بىرەر جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن، ياكى بىرەر جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىش باسقۇچىدا تۇرغان، ياكى سوتلىنىۋاتقان، ياكى بىرەر جىنايەتكە ياكى جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا چېتىشلىق بولغان ئەھۋال بارمۇ؟ ھەئە/ ياق

c. بۇنىڭدىن بۇرۇن كانادادا ياكى چەتئەللەردىكى كانادا ۋىزا ئىشخانىلىرىغا، ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئالى كومىسسارلىقىنىڭ مۇھاجىرلار ئىشخانىلىرىغا مۇھاجىرلارنى قوغداش ئىلتىماسى سۇنۇپ باققانمۇ؟ ھەئە/ ياق

d. كانادادا ياكى باشقا بىرەر دۆلەت ياكى رايوندا، مۇھاجىرلىق سالاھىيىتى، كۆچمەنلىك ياكى مەڭگۈلۈك ئولتۇراق ۋىزىسى، ياكى ساياھەت ۋە ياكى ۋاقىتلىق ئولتۇراق ۋىزىسى رەت قىلىنغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

e. كانادا ياكى باشقا بىرەر دۆلەت ياكى رايون تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ياكى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

f. بىرەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىگە، ئۇرۇش جىنايىتىگە چېتىلىپ قالغان ياكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنمۇ؟ ھەئە/ ياق

g. بىرەر سىياسي، دىني ياكى ئىجتىمائىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوراللىق كۆرەش ياكى زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان، پىلانلىغان ياكى تەشەببۇس قىلغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

h. بىرەر سىياسي، دىني ياكى ئىجتىمائىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوراللىق كۆرەش ياكى زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ياكى ئېلىپ بارىدىغان، تەشەببۇس قىلغان ياكى تەشەببۇس قىلىدىغان بىرەر گۇرۇپپا بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

i. جىنايى ھەرىكەت ئەندىزىسىگە تەۋە بولغان ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان بىرەر تەشكىلاتقا ئەزا بولغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

j. تۇتۇپ تۇرۇلغان، قامالغان ياكى تۈرمىگە تاشلانغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

k) ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى جىسماني ۋە ياكى روھي توسالغۇغا ئۇچرىغانمۇ؟ ھەئە/ ياق

ئەگەر يۇقىرىدىكى سوئاللارنىڭ بىرەرىگە ھەئە دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، تەپسىلاتى بىلەن تەمىنلەڭ.

## ئوقۇش تارىخىڭىز

تۆۋەندىكى مائارىپ سەۋىيىلىرىدە قانچە يىللىق ئوقۇشنى تاماملىغانلىقىڭىزنى يېزىڭ.
باشلانغۇچ مائارىپ: ————————
ئوتتۇرا مائارىپ: —————————
ئوتتۇرا تېخنىكوم/ ئالى مائارىپ: ———————————
كەسپى مەكتەپ: ————————

سىز ئوقۇغان بارلىق ئوتتۇرا مائارىپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇرى ( ئالى، ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپى ) مائارىپ تەپسىلاتلىرى بىلەن تەمىنلەڭ.

| بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي) | مەكتەپ ئىسمى | شەھەر ۋە دۆلەت | گۇۋاھنامە ياكى دىپلوم تۈرى | ئوقۇغان ساھە |
|---|---|---|---|---|---|

## شەخسي تارىخىڭىز

شەخسي تارىخىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى 18 ياشتىن باشلاپ ياكى ئۆتكەن 10 يىلىنىڭكىنى، ۋاقىت جەھەتتىن قايسىسى قىسقاراق بولسا شۇنى تاللاپ يېزىڭ. ئەڭ يېقىنقى ۋاقىتتىكى ئۇچۇردىن باشلاپ يېزىڭ. <پائالىيەت> دېگەن يەرگە، سىز قىلغان كەسپ ياكى خىزمەتنى يېزىڭ. ئەگەر ئىشلىمىگەن بولسىڭىز، نېمە قىلغانلىقىڭىزنى يېزىڭ ( مەسىلەن: ئىشسىز، ئوقۇۋاتقان، ساياھەت قىلىۋاتقان، پېنسىيىگە چىققان، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ). ئەگەر سىز ئۆز دۆلىتىڭىزنىڭ سىرتىدا بولغان بولسىڭىز، سىز تۇرغان دۆلەتتىكى سالاھىيىتىڭىزنى يېزىڭ.

ھېچقانداق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرماي يېزىشقا كاپالەتلىك قىلىڭ.

| بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي) | پائالىيەت | شەھەر ياكى رايون ۋە دۆلەت | دۆلەتتىكى سالاھىيىتى | شىركەت ئىسمى، مەكتەپ، خىزمەت ئورنى قاتارلىقلار |
|---|---|---|---|---|---|

## تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئەزالىق مۇناسىۋىتىڭىز

سىز قايسى تەشكىلاتلارنى قوللىدىڭىز، ئەزاسى بولدىڭىز ياكى مۇناسىۋەت قىلدىڭىز؟ ھەرقانداق سىياسىي، ئىجتىمائىي، ياشلار ياكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كەسپىي جەمئىيەتلەرنى قالدۇرماي يېزىڭ. قىسقارتىلما ئىسىملارنى ئىشلەتمەڭ. قايسى شەھەردە ۋە دۆلەتتە ياكى رايوندا ئەزا بولغانلىقىڭىزنى يېزىڭ.

ئەگەر ھېچبىر ئۇيۇشما / تەشكىلاتقا ئەزا بولمىغان بولسىڭىز، جەدۋەلگە <يوق> دەپ يېزىڭ.

| بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي) | تەشكىلات ئىسمى | تەشكىلات تۈرى | تەشكىلاتتىكى خىزمەتلىرى ۋە/ ياكى ئورنى | شەھەر ۋە دۆلەت |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | |

## ھۆكۈمەت خىزمەتلىرى

ھۆكۈمەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىڭىزنى ( مەسىلەن: مەمۇر، سوتچى، ساقچى ) يېزىڭ. سىز پېنسىيىگە چىقىشىڭ ئالدى – كەينىدىكى قىلغان خىزمەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى يېزىڭ. قىسقارتىلما ئىسىملارنى ئىشلەتمەڭ. ئەگەر ھېچقانداق ھۆكۈمەت خىزمىتى قىلمىغان بولسىڭىز، جەدۋەلگە <يوق> دەپ يېزىڭ.

| بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي) | دۆلەت ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكى (رايونلۇق، دۆلەتلىك، ئۆلكىلىك) | تارماق/ شۆبە | خىزمىتى ۋە/ ياكى ئورنى |
|---|---|---|---|---|
| | | | | |

## ھەربىي ۋە/ ياكى ھەربىيلىك خىزمىتى

ھەربىر دۆلەتلەرنىڭ سىز خىزمەت قىلغان قوراللىق قىسىملىرىدىكى ھەربىي ۋە/ ياكى ھەربىيلىك خىزمەتلىرىڭىزنىڭ تەپسىلاتلىرى بىلەن تەمىنلەڭ. ھېچبىر ھەربىي ۋە/ ياكى ھەربىيلىك خىزمەتلىرىنى قىلمىغان بولسىڭىز، جەدۋەلگە <يوق> دەپ يېزىڭ. ھېچقانداق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرماي يېزىڭ.

دۆلەت ئىسمى: ————————————————

| بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي) | خىزمەت شۆبىسى، قوماندانلىرىڭىزنىڭ بىرلىك نومۇرلىرى ۋە ئىسىملىرى | دەرىجىڭىز | ئاكتىپ جەڭگە قاتناشقان ۋاقىت ۋە ئورۇنلار | خىزمىتىڭىزنىڭ ئاخىرلىشىش سەۋەبى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | |

### ئادرىسلىرىڭىز

سىز 18 ياشتىن تارتىپ ياكى يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ( ۋاقىت جەھەتتىن قايسىسى قىسقاراق بولسا شۇنى تاللاپ يېزىڭ ) تۇرغان بارلىق ئادرىسلارنى تەرتىپى بويىچە يېزىڭ.

| بۇ ۋاقىتتىن (يىل، ئاي) | بۇ ۋاقىتقىچە (يىل، ئاي) | كوچا ئىسمى ۋە ئۆي نومۇرى | شەھەر ياكى رايون | ئۆلكە، ئىشتات | پوچتا نومۇرى | دۆلەت |
|---|---|---|---|---|---|---|

### ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ كاپالەتنامىسى

مەن، مەن تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ راست، تولۇق ۋە توغرا ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن.

ئىمزا: ——————————— ۋاقىت (يىل، ئاي، كۈن):———————————————

### تەرجىماننىڭ كاپالەتنامىسى

مەن ——————————————، بۇ ئىلتىماسنامىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئىلتىماس قىلغۇچىغا تەۋە بولغان ھەربىر جەدۋەلنى ——————————— تىلىغا ئىشەنچلىك ۋە توغرا تەرجىمە قىلىپ بەرگەنلىكىمگە كاپالەتلىك قىلىمەن.

ئۇچۇرلار ماڭا ئىلتىماس قىلغۇچى تەرىپىدىن تەمىنلەندى، ۋە مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىلتىماس قىلغۇچى بۇ جەدۋەللەرنىڭ خاراكتېرىنى ۋە تەسىرىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، ۋە مەن ئاڭلىق ھالدا بۇ سەمىمىي كاپالەتنامەمنى راست دەپ ۋەدە بېرىمەن ۋە ئۇنىڭ كۈچىنىڭ ۋە تەسىرىنىڭ قەسەم ئاستىدا قىلىنغان كاپالەتنامىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

تەرجىماننىڭ ئىمزاسى: ——————————————

### راستچىللىق ۋەدىنامىسى

مەن ——————————————، سۇنۇلۇۋاتقان ئۇشبۇ ئىلتىماستا تەمىنلىگەن بارلىق ئۇچۇرلارنىڭ راست، تولۇق ۋە توغرا ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن، ۋە مەن ئاڭلىق ھالدا بۇ بېرىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ راستچىللىق قەسەمنامىسى بىلەن بېرىلگەن ئۆزەمنىڭ بىلەلىگەن دائىرىدىكى ئەڭ توغرا مەلۇماتلار ئىكەنلىكىگە كاپالەت بېرىمەن.

## VIII- پاناھالىق باياننامىسى

### پاناھلىق ئىلتىماسى جەريانىدا تاپشۇرۇشقا تىگىشلىك پاناھلىق بايانى (ھىكايە) ھەققىدە

مەيلى ب د ت پاناھلىق ئىشخانىسىغا تاپشۇرىلىدىغان پاناھلىق ئىلتىماسى جەريانىدا بولسۇن ۋە ياكى باشقا پاناھلىق تىلىمەكچى بولغان دۆلەتكە تاپشۇرماقچى بولغان پاناھلىق ئىلتىماسى جەريانىدا بولسۇن، پاناھلىق باياننامىسىنى پۇختا تەييارلاش، بىزنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق نەتىجىلىنىشىگە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ. ياخشى ۋە ئەتراپلىق تەييارلانغان پاناھلىق باياننامىسى بولغۇسى پاناھلىق سوتى جەريانىدىكى سورىلىدىغان سۇئالللارنى ھەم ئازايتىدۇ ۋە ئىلتىماسىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق نەتىجىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ياخشى تەييارلانغان پاناھلىق بايانىمىز چوقۇم بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى، قايسى دۆلەت ۋە دۆلەتلەرگە قارشى قايسى ئاساس بويىچە پاناھلىق تىلەيدىغانلىقىمىزنى، تەۋە بولغان دۆلەتكە نىمە سەۋەپتىن قايتىپ كىتەلمەيدىغانلىقىمىزنى، ناۋادا تەۋە بولغان دۆلەتكە مەجبۇرى قايتۇرۇلغىنىمىزدا بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە قانداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ناھايتى ئەتراپلىق شەرھىلىشىمىز كىرەك. شۇ سەۋەپتىن پاناھلىق باياننامىسىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

پاناھلىق باياننامىسى مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز بولماسلىقى، شەخس ۋەقەلىكلەر ئېنىق، كونكرېتنى بولۇشى،  بولۇپمۇ بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۇغۇلىدىغان سۇئالللار ئىچىدە، قاچان، نەدە، كىم، قانداق، نىمە ئۈچۈن دىگەندەك كونكرېتنى سۇئالللارنىڭ جاۋابى ئېنىق بولۇشى ۋە يازغان باياننامىدا تېپىلىشى كىرەك.

پاناھلىق باياننامىسىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ۋە پاكىتلىق ماتىياللار ئىمكان بار ئۆزىمىز ھەققىدە بولۇشى، ئومۇمى ۋەزىيەت   ھەققىدىكى بايانلار پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ شەخسى بايانلىرىمىزنى ئىسپاتلايدىغان  ئاساسىدا بولۇشى كىرەك. چۈنكى پاناھلىق تىلەش تېگىدىن ئەيتقاندا  شەخسى قوغدىنىش مەسىلىسى بولۇپ، بىزنىڭ پاناھلىقىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە قارار بەرگۈچىلەر  پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا نىمىلەر كەلگەنلىكى ھەققىدە ئەمەس  بەلكى پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ تەقدىرىگە، ئۆزىنىڭ شەخسى كەچۈرمىشلىرى ۋە بېشىغا كىلىدىغان ئاقىۋەتلەر ۋە شۇ شەخسىنىڭ تاپشۇرغان باياننامىسىدىكى ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قارار چىقىرىدۇ. يەنى ئەڭ ئاخىرقى ھىساپتا، "ساڭا نىمە بولدى ۋە ناۋادا خىتايغا قايتىپ كەتسەڭ نىمىلەر بولىدۇ" دىگەن سۇئالغا قاراپ قارار چىقىرىدۇ.

مەسىلەن، پاناھلىق باياننامىسى تەييارلىغاندا، "خىتايلار بىز ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە جازالايدۇ، دىنىمىزنى چەكلەيدۇ، بىزنى ئىنساندەك ياشىغىلى قويمايدۇ" دىگەندەك ئومۇمى باياندا بولۇش ئورنىغا، " مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق مۇنداق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىم، شەرقى تۈركىستاندىكى ۋاقتىمدا دىنى پائالىيەتلىرىم چەكلەنگەن ۋە نورمال ھالەتتىكى دىنى ئېتىقادىم بويىچە ياشاشتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ئىدىم. شۇ سەۋەپتىن نورمال ناماز ئوقۇش، رامىزان تۇتۇش، دىنى تەبلىغلەرنى ئاڭلاش، دىنى كىتاپلارنى ئوقۇش، دىنى سۆھبەتلەرگە قاتنىششتىن چەكلەندىم.  ئائىلەمدىن مۇنچىلىك كىشى  مىللى كىلىپ

چىقىشى  ۋە دىنى ئېتىقادى سەۋەپلىك بۇ يىل بۇ ئايدىن باشلاپ يا تۈرمىدە ياكى جازا لاگېرىدا" دەپ ئېنىق بايان قىلىش ئېھتىمۇ قايىل قىلارلىق ۋە كونكرېتنى بولىدۇ.

پاناھلىق بايانىنامىسى تومتاق ۋە گۇڭگا ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئەمەس بەلكى كونكرېتنى ۋە ئىسپاتلاش ئىمكانى بولغان، بولۇپمۇ مۇستەقىل تەتقىقاتچىلار، دۆلەت ۋە مەتبۇئات ئورۇنلىرى دوكلات قىلغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدىغان ۋەقەلەرگە مەركەزلەشكەندە، پاناھلىق بايانىنامىمىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئېھتىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

قايتا تەكىتلەشكە تېگىشلىك بولغان موھىم نوقتا بولسا، پاناھلىق تىلەشنىڭ ئاساسى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كېرەك.

## 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنى پاناھلىق بايانىنامىسىدا قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش ھەققىدە تەپسىلات

باشتا بىز 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى بىكىتكەن پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتىكى 5 ئاساسلىق شەرتنى بۇ يەردە يەنە تەكرارلاپ ئۆتۈشنىڭ دەل ۋاقتى كەلدى چۈنكى بىزنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىمىز دەل مۇشۇ 5 شەرت ئاساسىدا تەييارلىنىشى شەرت.

1. ئېرقى تەۋەلىك سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش
2. مىللى كېلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش
3. سىياسى كۆز قارىشى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش
4. دىنى ئېتىقادى ۋە ياكى دىنى ئېتىقاتسىزلىقى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش
5. مەلۇم بىر ئىجتمائى، مەدىنى ياكى ئۆزگە خاس بىر ئەنئەنىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراش؛

ئەمدى بىز1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىدىكى ھەر بىر شەرتلەر نىمە مەناغا كېلىدۇ ۋە بىز بۇ شەرتلەردىن قانداق پايدىلىنىمىز، ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

### ئېرقى كېلىپ چىقىشى  سەۋەپلىك جازالىنىش

ئېرقى كېلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن ئۆز دۆلىتىدىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش دىگەندە، پاناھلانغۇچىنىڭ تەن رەڭگى ۋە تەۋە بولغان ئېرقى مەنسۇبىيىتى جەھەتتىن جازالىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىرقى جەھەتتىن تۈرك ئېرقىغا تەۋە بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تاللىۋالغان ياكى خالىمىسا رەت قىلغىلى بولىدىغان بىر تاللاش ئەمەس. ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. خىتاي دۆلىتى بولسا ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئائىلىسىنىڭ ياكى خىتايچە ئاتالغۇ بىلەن جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ بىر تەركىۋى دەپ مەجبۇرلايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىگە بولغان بۇ تارىخى رېئاللىق بولسا ناھايتى

رۇشەن ھالدا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتىنى تىغمۇ تىغ قارشىلىققا دۇچار قىلىدۇ. ياكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئېرقى كىملىكىدىن ۋاز كېچىشى ۋە خىتايلار تەرىپىدىن مەجبۇرلانغان جۇڭخۇا كىملىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ياكى بولمىسا خىتاي دۆلىتىنىڭ جازالىشىغا مەھكۇم بولۇپ ياشىشى كېرەك. بۇ ئىككى تاللاشتىن  قېچىپ قۇرتۇلغىلى بولمايدۇ. .

دىمەك كى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېرقى كىلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى دىگەنىدە دەل بۇ نوقتىدىن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش كىرەك. خىتاينىڭ 1949- يىلىدىن بۇيان ئېلىپ بارغان ۋە بولۇپمۇ 2017-يىلىدىن بۇيانقى ۋەزىيەتتە ئەۋجىگە چىققان  ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياسەتلىرىدە بۇنىڭ مىساللىرى بەك كۆپ.

## مىللى كىلىپ چىقىشى سەۋەپلىك جازالىنىش

مىللى كىلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش دىگەنلىك، مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر( ئۇيغۇرنى مىسال ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىمىز، باشقا قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىگە تەدبىقلاپ ئىشلەتسە بولىدۇ) بولغانلىقى ئۈچۈن ھاكىمىيەت تەرىپىدىن نىشانلىق ھالدا جازالىنىشقا ئۇچرىغانلىق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.
يەنى سىز پەقەتلا ئۇيغۇر (قازاق، قىرغىز..) بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا، ھەر تۈرلۈك كەمسىتىشكە، خورلۇققا، زۇلۇمغا ۋە جازاغا ئۇچرىغان، ئۇچرايدىغان بولسىڭىز بۇ ھەققىدە مىساللار بىلەن پاناھلىق بايانىڭىزنى تەييارلىسىڭىز بولىدۇ.
بۇنىڭغا تىپىك مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەيلى
ئىلھام توختى ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىسى ۋە بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئىلھام توختىدىن بەكرەك ھەر كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنى  ئېغىر سالماقتىكى سىياسى تەنقىتلەر بىلەن ئەيىپلەۋاتقان خىتاي زىيالىلىرى  ئاز ئەمەس. ھەر كۈنى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ياشايدىغان خىتايلار چەتئەل مەتبۇئاتلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرىدۇ. لىكىن ئۇلارغا بىر نەرسە بولمايدۇ. ئىلھام توختى پەقەتلا خىتاي ئاساسى قانۇنىدا ئۇيغۇرلارغا كاپالەت بېرىلگەن ھەق ھوقۇقلارنىڭ بەزىلىرىنى، يەنى ئۇلارنى  ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىللى كەمسىتىشلەرنى ئازايتىش دىگەندەك ئاددى تەلەپلەردە بولغىنى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بىلەن تۈرمىدە ياشاۋاتىدۇ.  خىتايلار بىزنىڭ ۋەتەنىدە  ناھايتى قەبىھ جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ، لىكىن ئۇلار ئاساسىدىن جازالانمايدۇ ۋە  گۇناھكار يەنىلا ئۇيغۇر بولىدۇ. مانا مۇشۇلار دەل بىرسىنىڭ مىللى كىلىپ چىقىشى سەۋەپلىك جازالىنىشى ھىساپلىنىدۇ.

ھازىرقى ۋەزىيەتتە بۇنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز دەپ قارايمىز چۈنكى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس قاراتقان سىستىمىلىق زىيانكەشلىكى تالاش تارتىش تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە ئەمەس.

## دىنى ئىتىقادى جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش

دىنى ئىتىقادى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش مەسىلىسىمۇ، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن دىنى ئىتىقادى ۋە شۇ دىنى ئىتىقادى بويىچە ياشىماقچى بولغان خۇسۇسى ھاياتى سەۋەپلىك ھاكىمىيەت

بېشىدىكى كۆچلەرنىڭ جازالىشىنى كۆرسىتىدۇ. دىنى ئېتىقادى جەھەتتىن جازالاشنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ مەناغا ئىگە بولۇپ ئۆزى ئىشەنگەن دىنىنى ئۆگەنگەنلىكى، شۇ دىن ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقى، شۇ دىن ئۈچۈن ئىبادەت يەرلىرى بەرپا قىلغانلىقى، شۇ دىن ھەققىدە كىتاپ باسقانلىقى، مۇرت يېتىشتۈرگەنلىكى قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنىمىزنى مىسالغا ئالغىنىمىزدا، دىنىمىزگە ئائىت بولغان ھەر خىل دىنى كىتاپلارنى نەشىر قىلىش، تەرغىپ قىلىش، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، شۇ دىن تەقەززا قىلغان دىنى ئىبادەت يەرلىرىنى بەرپا قىلىش، ئېچىش، ئاسراش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش، شۇ دىن تەلەپ قىلغان شەكىلدە ئىبادەت قىلىش، شۇ دىنىنىڭ شەرتلىرىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن جازالانغان ۋە جازالىشىدىن ئەنسىرىگەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئاساستا پاناھلىق بايانىنى تەييارلىيالايدۇ.

دىمەك ھەر قانداق بىر كىشى دەل يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان دىنى شەرتلىرىنى ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن جازالانغان بولسا، مۇشۇ ئاساستا تەييارلانغان پاناھلىق بايانى دىنى جەھەتتىن جازالىنىشنى ئاساس قىلغان بولىدۇ.

## سىياسى كۆز قاراشلىرى سەۋەبىدىن جازالىنىش

يەنە بىر ھالقىلىق نوقتا بولسا سىياسى كۆز قاراشلىرى سەۋەبىدىن جازالىنىش قورقۇسى سەۋەپلىك پاناھلىق تىلەش.

يەنە خىتاينى مىسال قىلىپ داۋاملاشتۇرغىنىمىزدا، خىتاي دۆلىتىدە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىدىن باشقا ۋە كوممۇنىست ئىددىلوگىيەسىدىن باشقا كۆپ خىل سىياسى پارتىيەلەرنىڭ ۋە كۆپ خىل سىياسى كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولىشى  قانۇنسىزلىق دەپ قارالغىنى ئۈچۈن، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىدىن باشقا سىياسى كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەرنىڭ جازالىناسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ سىياسى جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچراشقا جانلىق مىسال بولالايدۇ. يەنى تېخىمۇ ئېنىق ھالدا ئەيتقىنىمىزدا، سىزنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى قوبۇل قىلماي، دىموكراتىك ۋە ئەركىنلىك ئاساسىدىكى بىر سىياسى ھەركەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىڭىز بارمۇ؟ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ سىز توغرا كۆرمىگەن ياكى سىزگە زىيان بېرىۋاتقان سىياسەتلىرىگە تىنچلىق بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىڭىز بارمۇ؟   دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە پىكىر ئەركىنلىكى ۋە سىياسى تاللاش ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن پۇقرالار ئوخشىمىغان سىياسى كۆز قاراش ۋە سىياسى پارتىيەلەرگە ئەزا بولالايدۇ ۋە ئوخشىمىغان سىياسى تاللىشلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۆزى توغرا كۆرگەن سىياسى ئېقىملارغا ئىشتىراق قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتى بىخەتەرلىكىدىن قورقمايدۇ ۋە جازالىنىش ئەندىشىسىگە چۈشمەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن سىياسى جىنايەت دىگەن بىر ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. لىكىن خىتايدا بولسا سىياسى جىنايەت ۋە سىياسى جىنايەتچى دىگەن ئۇقۇم ھەممىمىزگە ناھايتى تونۇشلۇق ئۇقۇملار ۋە ئەڭ ئېغىر جازا بىلەن جازالىنىدىغان جىنايى قىلمىش ھىساپلىنىدۇ .

ئەڭ ئاددى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرسەك، خىتاي مىللىتىدىن بولغان لىيۇشاۋبو نى كۆپلىرىمىز ئاڭلىغان بولساق كېرەك. لىيۇشاۋبۇ خىتاي مىللىتىدىن بولغان يازغۇچى ۋە بىلىنگەن پەيلاسوپ بولۇپ خىتاي دۆلىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن 8 ماددىلىق يېڭى بىر ئاساسى قانۇن لاھىيەسى يازغان ۋە خىتاي دۆلىتى فىدىرال بىر سىستىمىغا ئۆزگەرمىسە كەلگۈسىدە پارچىلىنىپ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئىلان قىلغان. ئەسلىدە لىيۇشاۋبو سىپى ئۆزىدىن خىتاي مىللىيەتچىسى ھىساپلىنىدۇ. لىكىن لىيۇشاۋبۇ، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ كۆپ پارتىيەلىك بىر سىستىمىغا رۇقسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن تەڭ ئەركىن خەلق سايلىمى ئېلىپ بېرىپ خىتايدىكى سىياسى تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تىنچلىق بىلەن دىموكراتىك ھالەتكە ئۆزگەرتىش ۋە شۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ بىرلىكىنىڭ ساقلاپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەنى خىتاينىڭ مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقا يوللاردىن كاللا يۈگۈرتكەن. قارىماققا كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئاممىۋى ھەركەت دەپ قارىلىدىغان بۇ سىياسى تەشەببۇس، خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن تەھدىت دەپ قارالدى ۋە دەرھال لىيۇشاۋبو نى تۈرمىگە سالدى. لىيۇشاۋبۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا نوبىل كومىتىتى تەرىپىدىن نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى. نوبىل مۇكاپاتى تاپشۇرۇپ ئالغىلى لىيۇشاۋبونىڭ نورۋىگىيەگە بېرىشىغا خىتاي دۆلىتى رۇقسەت بەرمىدى ۋە بارغانسىرى ئېشىپ بارغان تەسىرىدىن ئەنسىرىگەن خىتاي، لىيۇشاۋبۇنى تۈرمىدە ھەرخىل قىيىن قىستاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوق قىلدى. مانا بۇ تىپىك بىر سىياسى جازالاش بولۇپ، ئۇيغۇرلار خىتايلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئېغىر ۋە ۋەھشى ھالدىكى سىياسى جازاغا دۇچار بولىۋاتىدۇ.



پاناھلىق ئىلتىماسىنى سىياسى كۆز قاراشلىرى توغۇرلۇق تەييارلىماقچى بولغانلار، دەل مۇشۇ نوقتىنى گەۋدىلەندۈرسە مۇۋاپىقسىيەتلىك بولىدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ كوممۇنىست ئىدىئولوگىيەسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە ئەركىن دىموكراتىك بىر سىياسى تۈزۈم ياقلىغىنى ياكى بولمىسا خىتاي دۆلىتىنىڭ ھازىر ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرغانلىق سەۋەبىدىن جازالىنىشتىن قورقۇپ پاناھلىق ئىلتىماسى بەرگەنلىكىنى ھەققىدە تېخىمۇ كەڭەيتىپ پاناھلىق بايانى تەييارلىيالايدۇ.

## ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادىتى، ئەئەنىسى ۋە مەلۇم بىر ئىجتىمائى گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن جازالىنىش قورقىسى

ئەڭ ئاخىرقى ماددا بولسا، سىياسى خاراكتىرى ئۇنچە روشەن بولمىغان لىكىن ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزگىچە ئۆرپ ئادىتى، ئەنئەنىسى ۋە قەبىلىۋى ئادەتلىرى بىلەن ياشاش ئىمكانى تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىدىن پاناھلىق تىلەشكە قارىتىلىدۇ.
مەسىلەن خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى، بىناكارلىقى، تارىخى، توي، نىكاھ، ئۆلۈم ۋە جىنازە مۇراسىملىرى، مازارلىق ئەنئەنىلىرى...... قاتارلىق سىياسى، دىنى ياكى ئېرقى مەسىلىلەرگە چېتىلمايدىغان، لىكىن خىتاي تەرىپىدىن ھەم چەكلەنگەن ھەم جازا بېرىلىۋاتقان كۆپلىگەن ئىجتىمائى ئىلغارلىقلىرىمىز بار. مۇشۇلار سەۋەپلىك ھاكىم كۈچ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراشمۇ پاناھلىق ئىلتىماسى سۇنۇشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ. ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئاياللارنى مەجبۇرى سۈننەت

قىلدۇرىدىغان قىلمىشلار بولۇپ، كۆپلىگەن ئايالار شۇ سەۋەپتىن ئۆز دۆلىتىدىن قېچىپ ئەركىن دۆلەتلەردىن پاناھلىق تىلەيدۇ.
خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ياش ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرى ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ مەدىنيەت ۋە ئجتمائى ياشاش موھىتىدىن ئايرىپ، خىتايلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش مەقسىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئاسسىملاتسىيە سىياسىتىگە قارشى چىققانلىغى ئۈچۈن جازالىنىشىمۇ بۇ كاتىگورىيەدىكى پاناھلىقنىڭ ئاساسى بولالايدۇ. يەنە ھازىرقى مەجبۇرى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا زورلاش، خىتاچە تۇرمۇشنى ئۇيغۇرلارغا تېڭىش، قوبۇل قىلمىغانلارنى جازالاش قاتارلىقلار، ياكى خىتايلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان مەچىت، مازارلىق، قەدىمقى بىناكارلىق قاتارلىق ئورۇنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئانا تىلنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن ھەركەت قىلغانلىقىڭىز، مەخمۇت قەشقىرى ياكى باشقا تارىخى شەخسلەر ھەققىدە تەتقىقات مەركىزى قۇرماقچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن .................
زىيانكەشلىككە ئۇچراش قاتارلىقلارمۇ پاناھلىق تىلەشنىڭ ئاساسلىرى بولالايدۇ.

پاناھلىق بايانامىسى دەل يۇقىرىدىكى 5 ماددىنىڭ خالىغان بىرسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەييارلىنىشى كېرەك. دۇنيادا كۆپلىگەن مىللەتلەر بۇ 5 شەرتلەرنىڭ بىر ياكى ئىككىسىگە ئاساسلىنىپ پاناھلىق بايانامىسى تەييارلايدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەملى بېشىدىن ئۆتەۋاتقان مىللى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگىرلىرى، دىنى ۋە مىللى كىملىكنىڭ جىنايەت بىلەن تەڭ تۇتۇلىشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ، مەدىنىيتىنىڭ، تارىخىنىڭ، بىناكارلىقىنىڭ، ئەنئەنىسىنىڭ، قىسقىسى ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلغان بارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ چەكلىنىشى، جازالىنىشى قاتارلىقلار، ئۇيغۇرلارنى 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن بىكىتكەن ھەممە شەرتلىرىگە تولۇق چۈشىدىغان مىللەتكە ئايلاندۇردى. يەنى ئۇيغۇرلار 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلارغا بىكىتكەن 5 تۈرلۈك شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىگە تولۇق چۈشىدۇ ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ پاناھلىق ئلتىماسىنىڭ رەت قىلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە پاناھلىنىش ۋە پاناھلىق ئلتىماسىنىڭ قانداق تەييارلىنىشىنى بىلىش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت.

1951 جە نۋە پاناھلانغۇچىلار ئەھدىنامىسىنىڭ 5 شەرتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملىيالايمىز



يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ۋە قىسقىچە ئىزاھات بېرىلگەن 5 ئاساس، 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ نىگىزلىك روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە جەنۋە ئەھدىنامىسىنى قوبۇل قىلغان دۆلەتلەر دەل مۇشۇ ئاساسلار بويىچە پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا قاراپ چىقىدۇ.

ئەلەتتە، دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسەتلىرى، نوپۇس نىسپىتىنى تەڭشەش، ئىشسىزلىق، پاراۋانلىق ئىمكانلىرى. سەھىيە ۋە سالامەتلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سىرتتىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارغا قارىتا بەزىدە يۇكسىلىپ بارىدىغان نارازىلىق پىكىرلىرىگە ئوخشاش ھەر خىل ئامىللار سەۋەبىدىن كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ شۇ ئۆلچەم بويىچە پاناھلانغۇچىلارغا دوستانە ئىمكانلار يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئەيتالمايمىز.

ھەتتا بەزى دۆلەتلەر 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلارغا بىكىتكەن 5 تۈرلۈك ئەڭ ئاساسلىق شەرتلىرىگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ قوشۇمچە شەرتلىرىنى قوشۇۋالغانلىقىنىمۇ كۆرگەن بولدۇق.

مەسىلەن، تۈركىيە 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ پاناھلانغۇچىلار شەرتىگە قوشۇمچە ھالدا جوغراپىيەلىك ئورۇن شەرتى قوشۇپ ئىمزالىغان بولۇپ، پەقەت ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كەلگەنلەرنى پاناھلانغۇچى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىنىڭ سىرتىدىن كەلگەنلەرنى بولسا 3- بىر دۆلەتكە كىتىش شەرتى بىلەن شەرتلىك پاناھلانغۇچى ياكى كەلگەن دۆلىتىگە قايتالمايدىغان 2- دەرىجىلىك پاناھلانغۇچى دەپ كاتىگورىيەلەرگە ئايرىغان. بۇ بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەھۋال.

IX-قىسىم

## ئەڭ ئىخچام ۋە كونكرېتنى پاناھلىق بايانىنامىسى(ھىكايە) قانداق يېزىلىشى كېرەك؟

تۆۋەندە ئاددى ھالدا بىر ئۆرنەك بىلەن  پاناھلىق بايانىنامىسىنى قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى

1-  ئالدى بىلەن سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىز ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كېرەك.

مىنىڭ ئىسمىم مەمەت ئەخمەت(مىسال ئىسىم)، ئۇيغۇر مىللىتىدىن، خىتايلار شىنجاڭ دەپ ئاتايدىغان شەرقى تۈركىستاننىڭ قۇمۇل  يېزىسىدىن بولىمەن. مەن ۋە ئائىلەم ئۆزىمىزنى مىللەت جەھەتتىن ئۇيغۇر، دىنى تەۋەلىك جەھەتتىن مۇسۇلمان دەپ تەرىپلەيمىز.
مانا بۇ سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىخچام ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر جۈملىدىن ئىبارەت ۋە سوتچى بۇ جۈملە ئارقىلىق سىز ھەققىڭىزدە ئاساسلىق  چۈشەنچىگە ئىگە  بولىدۇ.

2-  ئىسمىڭىز ھەققىدە ئىزاھات بېرىشنى ئۇنۇتماڭ.

مېنىڭ تۇغۇلۇغان ۋاقتىمدا ئاتا ئانام تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسمىم مەمەت ئەخمەت بولۇپ، خىتاي تەرىپىدىن بېرىلگەن كىملىك كارتىمنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىدىمۇ مىللىتىم ئۇيغۇر ۋە ئىسمىم مەمەت ئەخمەت دەپ توغرا يېزىلغان. لىكىن خىتاي پاسپورتۇمدا مېنىڭ ئىسمىم مايمايتى ئايخېمايتى (Maimaiti Aihemaiti)دەپ خىتايچە تەلەپپۇز بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەمىلىيەتتە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شەرقى تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ئۆزىمىزنىڭ رازىلىقىمىز بولماي تۇرۇپ مەجبۇرى ھالدا خىتايچىلاشتۇرۇلغان. شۇ سەۋەپتىن مېنىڭ ۋە ئائىلەمنىڭ ئىسىملىرىمىز خىتاي پاسپۇرتىدا خىتايچە تەلەپپۇز بىلەن يېزىلغان. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئىككى خىل ئىسىم ئىشلەتكىنىمدىن ئەمەس بەلكى خىتاي دۆلىتىنىڭ بىزنىڭ مىللىچە ئىسمىمىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان غەلىتە ئەھۋال.

ئىسىم ھەققىدە بېرىدىغان يەنە بىر ئىزاھاتىم شۇكى، خىتاي دۆلىتى يالغۇز ئىسمىمىزنىلا ئۆزگەرتىپ قالماستىن يەنە ئۆز ئىسمىمىز بىلەن فامىلە ئىسمىمىزنىمۇ ئالدى كەينى قىلىپ ئالماشتۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ۋە فامىلە سىستىمىسى غەرپنىڭ ئىسىم ۋە فامىلە  سىستىمىسىغا ئوخشايدۇ. يەنى ئۆز ئىسمىمىز باشتا ۋە فامىلا ئىسمىمىز ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەمەت ئەخمەت دىگىنىمىزدە، مەمەت باشتا كەلگەن بولغاچ ئۆز ئىسمىم بولىدۇ، ئەخمەت ئاخىرىدا كەلگەن بولغاچ فامىلە ئىسمىم بولىدۇ. لىكىن خىتايلارنىڭ ئىسىم سىستىمىسى بۇنىڭ دەل تەتۈرى بولۇپ، باشتا كەلگىنى فامىلە ئىسىم، ئاخىرىدا كەلگىنى بولسا ئۆز ئىسمى بولىدۇ.  خىتاي دۆلىتى بىزنىڭ ئىسىم سىستېمىمىزغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئىسمىمىز ۋە فامىلە ئىسمىمىزنى تىگىشلىك كاتەككە يېزىش ئورنىغا، باشتا كەلگەن ئۆز ئىسمىمنى فامىلە ئىسىم كاتىكىگە، ئاخىرىدا كەلگەن فامىلە ئىسمىمنى بولسا خىتايچە ئىسىم سىستىمىسى بويىچە ئۆز ئىسىم كاتەكچىسىگە يازغان بولغاچقا، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ۋە فامىلىلىرىنىڭ ئورنى قەستەن ئالماشتۇرىۋېتىلگەن.

ختايلارنىڭ، مەجبۇرى ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدىكى ئىزاھات چوقۇم ياخشى ئىزاھلىنىشى كېرەك، بولمىسا كىينكى مەزگىلدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش جەريانلىرىدا مەسىلە كۆرىلىشى مۇمكىن.

## 3-  پاناھلىق باياننامىسىنىڭ ئاساسلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىلىشى كېرەك

بۇلاردىن كىيىن، قايسى سەۋەپلىك پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرغانلىقىمىز ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ۋە پاناھلىق باياننامىسىمۇ شۇ ئاساس بويىچە تەييارلىنىشى كېرەك.
مەسىلەن:

مەن، **دىنى ئېتىقادىم مۇسۇلمان (دىنى سەۋەپ)، مىللى كىلىپ چىقىشىم ئۇيغۇر بولغىنى** ( مىللى كىلىپ چىقىش سەۋەپلىك)ۋە **ختاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان مىللى قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى بولغانلىقىم سەۋەپلىك( سىياسى كۆز قاراش)**،  ختاي دۆلىتىنىڭ مىللى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن قورقۇنۇم ۋە  مىنىڭ ۋە ئائىلەمنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىدىن يىتەرلىك دەرىجىدە ئەندىشە قىلغانلىقىم ئۈچۈن پاناھالىق تىلەيمەن.

## 4-  يېزىلمايدىغان نەرسىلەر ياكى توغرا دەپ قارالغان خاتا ئۇقۇملار

شۇنى ئىنىق ۋە كەسكىن ئەسكەرتىشىمىز كېرەككى، بىراۋلارنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن قىينىلىپ قالغانلىقى، تەۋە دۆلىتى تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى باشقا خولۇم خوشنىلىرى تەرىپىدىن يەكلىنىشى، ھەتتا جازالىنىشى، مافىيە ۋە باشقا جەمىيەتتىكى قارا كۈچلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشى، بىرسىنىڭ باشقا بىرسىگە قەرزدار بولۇپ قىلىشى بىلەن قەرزىنى تۆلەشتىن ئامالسىز قالغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىشتىن قورققانلىقى قاتارلىق ئامىللار ھىچبىر ۋاقىت پاناھلىق تىلەشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ.

بۇ ئاۋالنى ئاساسلىق ئەسكەرتىشىمىزنىڭ سەۋەبى، 2018-يىلى كانادادىن تۈركىيەگە بىر قېتىم قېرىنداشلىرىمىزنى تېزىملاش جەريانىدا كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىگە ئائىت بولغان شەخسى ئۈچۈرلىرىغا قوشۇپ بەزى گۇۋاھلىق ۋە كاناداغا كۆچۈپ بېرىش سەۋەپلىرى ھەققىدىمۇ توختالغان. بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ 90% لىك قىسمى تامامەن ئىقتىسادى قىينچىلىق ئاساسىدا يېزىلغان.

ئىشسىزلىك ۋە ئىقتىسادى قىينچىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يىرىدە مەۋجۇت بولۇپ، 1951 جەنۋە ئەھدىنامىسى، ئىقتىسادى قىينچىلىقنى باشقا دۆلەتلەردىن پاناھلىق تىلەشنىڭ ئاساسى دەپ قارىمىغان. ئىقتىسادى قىينچىلىق بىر كىشىنىڭ ياكى بىر ئائىلىنىڭ ھاياتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن تەھدىت قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە  ئىقتىسادى قىينچىلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ بىر دۆلەتكە كۆچۈشكە ئىلتىماس قىلىش، شۇ دۆلەتتىكى پۇقرالار ئارىسىدا  ئەڭ قارشىلىققا ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ،  بۇنىڭ ئادەتتىكى نورمال بىر پۇقراغا بىلدۈرىدىغىنى : " بۇ ئىنسانلار تەييارغا بىكارغا شېرىك بولغىلى، بىزنىڭ باجلىرىمىز ئارقىلىق جان باققىلى كەلگەنلەر"  سۇڭا بۇ خىل ئەھۋالدىن ئۆزاق تۇرۇش

كېرەك. بىز بۇ گۇۋاھلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى شۇ سەۋەپتىن ئىشلىتەلمىدۇق. ئەپسۇس ئەمەسمۇ؟

پاناھلىق دۆلەتكە قارشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شەخسكە ياكى مەلۇم بىر جامائەتكە قارشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. پاناھلانغۇچى دىگىنىمىزمۇ، تەۋە دۆلىتى تەرىپىدىن قوغدىنىشقا ئېرىشەلمىگەن ۋە تەۋە دۆلەت تەرىپىدىن يۇقارىقى 5 سەۋەپ تۈپەيلى جازالانغان، جازالىنىدىغان، ۋە جازالىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگىنى ئۈچۈن ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى قايغۇسىغا ئىگە شەخسلەرگە قارىتىلغان ئۇقۇمدۇر.

## 5-  كونكرېتنى مىسال بىلەن پاناھلىق بايانامىسىنىڭ قۇۋۋەلەندۈرىلىشى

پاناھلىق تىلەشنىڭ ئاساسى دىنى، مىللى ۋە سىياسى جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ ئاساسلارنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە، كونكرېتنى مىساللار ۋە بېشىمىزدىن ئۆتكەن خىتاي زۇلمى ھەققىدىكى ئەملى پاكىتلار ئارقىلىق ئۇ بايانامىمىزنى قۇۋۋەتلەندۈرىمىز. ياكى نىمە ئۈچۈن خىتاي دۆلىتى سىزنى ۋە ئائىلىڭىزنى يۇقۇرىدىكى دىنى، مىللى ۋە سىياسى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن جازالايدىغانلىقىنى، ھاياتىڭىز دۇچ كەلگەن تەھدىتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەپسىلى توختالغىنىڭىز ياخشى بولىدۇ. بۇ ھەققىدە مىساللار ۋە ئۆرنەكلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.  كۆپلىگەن دۆلەت ۋە پارلامىنتلارنىڭ بۇ توغۇرلۇق ئېلان قىلغان كۆپلىگەن دوكلاتلىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ پاكىتلىق ماتىرىياللىرى، مەتبۇئاتلاردا ھەر كۈن دىگۈدەك خەۋەرلەر چىقىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

### 6-  ئۆزەم ۋە ئائىلەم ھەققىدە

مەن ئائىلەم ۋە 2 بالام بىلەن 2016-يىلى خىتاي زۇلمىدىن ۋە شۇ سەۋەپلىك ھاياتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ خىتايدىن قېچىپ چىقتۇق.

قېچىپ چىقىشىمىزغا ئاساسلىق سەۋەپ بولغان ئامىللار دەل خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ سوتسىز، سۇئالسىزلا جازا لاگىرلىرىغا سولاپ قويىشى، باللارنى ئاتا ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىشى، ئادەتتىكى نورمال دىنى پائالىيەتلەرنىمۇ چەكلەپ ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان، ئۆيىدە دىنى كىتاپ ساقلىغان ياكى ئائىلىسىدە چەتئەلگە ساياھەت قىلغان، ياغلىق ئارتقان، ساقال قويغان ھاراق ئىچىش ۋە تاماكا چېكىشتىن قاچقان قاتارلىق باھانىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۇزۇن مۇددەتلىك  تۈرمىلەرگە تاشلاپ جازالىشى،  ئۇيغۇر كىملىكىمىزنى چەكلەپ خىتايلاشتۇرۇشقا زورلىشى قاتارلىقلار بولۇپ، ھاياتىمىز خىتاي دۆلىتىنىڭ سىستىمىلىق باستۇرۇش سىياسىتى نەتىجىسىدە ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالدى.
ئەڭ موھىمى خىتاي دۆلىتىدە ئۆزىمىزنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان ھىچبىر ئىمكانىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھاياتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆ يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ ئەركىن دۆلەتتە كىلىپ يېڭىدىن ھاياتىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۆزىمىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولدۇق.

بۇ يەردە يەنە بەزى كونكرېتنى مىساللار بېرىش مۇمكىن

## 7-ھازىرقى ۋەزىيەت

ھازىر ئاشكارا بولىۋاتاقان ئەھۋاللار، يېڭىدىن ئىلان قىلىنىۋاتقان دوكلاتلار، دۆلەت ۋە رەسمى ئورگانلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە چىقارغان دوكلات ۋە باياناتلىرى، ئەڭ يېڭى مەتبۇئات خەۋەرلىرى قاتارلىقلاردىن مىسال بېرىش ئارقىلىق، ئۆزىڭىزنىڭ بايانامىڭىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرەلەيمىز ۋە دەلىل ئىسپاتلار بىلەن كۈچلەندۈرەلەيمىز. ھازىرقى ۋەزىيەت ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىڭىز، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ، يالغۇز سىز بىلەنلا چەكلەنمەستىن بەلكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئومۇمى ۋەزىيەتنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ناھايتى موھىم.

## 8-  قىسقىچە ئائىلە تارىخىڭىز

ئۆزىڭىزنىڭ قىسقىچە تارىخىڭىزنى، يەنى ئوقۇش، خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىڭىز ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلارنى قوشۇپ قويۇش ئارتۇقلۇق بولمايدۇ چۈنكى بىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا قارار بەرگۈچىلەر بىزنىڭ قانداق بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى قانچىلىك ياخشى بىلسە، بىزنىڭ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش نورمال بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى، ھاياتنى سۆيىدىغان، ئائىلىگە، پەرزەنتلەرگە ئىگە چىقىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىمىزنى بىلسە بىز ھەققىدە بېرىدىغان قارارىمۇ شۇنچىلىك مۇسبەت بولىدۇ.

## 9-  ۋەتىنىمىزنىڭ ئارقا كۆرىنىشى

 شەرقى تۈركىستان ھەققىدە  ۋە خىتاي ئىشغال قىلغان 1949-يىلىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىشىڭىزنىڭ، سىز ھەققىڭىزدە قارار بەرمەكچى بولغان سوتچىنىڭ سىزنى ۋە سىز ياشىغان موھىتنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەك ئۇزۇن بولمىغان ھالدا قىسقىچە ئۇيغۇر ۋە شەرقى تۈركىستان تارىخى ۋە خىتاينىڭ ئىشغال قىلىش تارىخچىسىنى قوشۇپ قويغىنىڭىز پايدىلىق بولىدۇ.

## 10-  پاناھلىق بايانامىسىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، بولۇپمۇ قەتئى ئۇزاق تۇرىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە زۆرۈر مەلۇماتلار.

ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى ۋە 1951 جەنۋە پاناھلانغۇچىلار ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىغان بارلىق دۆلەتلەر،  3 خىل ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ پاناھلىقىنى رەت قىلىپلا قالماستىن بەلكى بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە كىرىشىنى قەتئى ھالدا چەكلىگەن.
بۇ 3 خىل كىشىلەر قانداق كىشىلەر؟
دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىش خەۋپى بولغان كىشىلەر، يەنى ھەر خىل تىرورلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقان، قوللىغان ۋە ھىمايە قىلغان شەخسلەر.
جامائەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلغان ياكى قىلىدىغان جىنايى قىلمىشى بولغان كىشىلەر. يەنى ئادەم ئۆلتۈرگەن، بۇلاڭچىلىق، ئوت قويۇش دىگەندەك جىنايەت سادىر قىلغانلار.
ئاخىردا بولسا ئاممىنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر.

شۇ سەۋەپتىن:

a) ھەر خىل زوراۋانلىققا ياتىدىغان بايانات ۋە نىيەت بايا نىدىن قەتئى ئۇزاق تۇرۇش كېرەك. پاناھلىق ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشتا سوتچىلار ئەڭ كۆپ دىققەت قىلىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرسى بۇ كىشىنىڭ زوراۋانلىق خائىشى بارمۇ، زوراۋانلىققا ئالاشقانمۇ، ئارلاشماقچىمۇ دىگەن سۇئاللار بولۇپ بۇ يەردىكى زوراۋانلىق سۆزى كۆپ ھاللاردا تېررورىزىم بىلەن مەناداش سۆز ھساپلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن قەتئى ھالدا بۇ سۆزلەردىن ئۇزاق تۇرۇش كېرەك.

b) ئائىلە ئىچى زوراۋانلىق ۋە جىنايى قىلمىشلار كاتىگورىيەسىدە قارىلىدىغان ۋە بولۇپمۇ 6 ئايدىن كۆپ جازا تەلەپ قىلىدىغان جىنايى قىلمىشلارغا ئارلىشىپ قالغان ئەھۋال بولسا بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق تۇرۇش كېرەك. بۇ يەردىكى جىنايى قىلمىش دىگىنىمىز، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، ئوت قويۇش، باشقىلارغا زىيان سېلىش قاتارلىق ئېغىر تېپتىكى جىنايەتلەرگە قوشۇلۇپ، كانادا جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە 6 ئايدىن كۆپ تۈرمە جازا سى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق جىنايى قىلمىشلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەبىلىك دەرىجىسگە بارمىغان دىنى ۋە سىياسى جەھەتتىكى قارىلاشلار بىلەن تۈرمىلەردە يېتىش بولسا كانادادا بۇ كاتىگورىيەگە كىرمەيدۇ

c) ئېغىر تىپتىكى يۇقۇملۇق كىسەللىك تارىخى بولغان كىشىلەر ئەھۋالنى يوشۇرماي ئېنىق دېيىشى ۋە كېرەك تېپىلغاندا قايتا تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك

## X – قىسىم

### ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سوئاللار

#### پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش دىگەن نىمە؟

پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ب د ت پ ئا ك (ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى) نىڭ ئەڭ موھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى تەرىپىدىن پاناھلىق ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنغان پاناھلانغۇچىلارنىڭ، ئۆزلىرى  پاناھلىق سورىغان ۋە ئولتۇرىۋاتقان دۆلەتتىن،  مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش سالاھىيتى بېرىپ قوبۇل قىلغان 3- دۆلەتكە تاللىنىپ ئورۇنلاشتۇرىلىش جەريانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قايتا ئورۇنلاشتۇرغۇچى دۆلەت ياكى قوبۇل قىلغۇچى دۆلەت، پاناھلانغۇچىنىڭ كەلگەن دۆلىتىگە قايتۇرۇلماسلىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، پاناھلانغۇچىنىڭ، پاناھلانغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ ۋە پاناھلانغۇچىغا قاراشلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاممىۋى، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنى ھەق ھوقۇقلىرىدىن شۇ دۆلەتتە ياشىغان باشقا  پۇقرالارغا ئوخشاش دەرىجىدە تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى بۇ خىزمەتلەرنى ئىشتىراك قىلغۇچى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا ئېلىپ بارىدۇ.

ھازىرغىچە 7.2 مىليوندىن ئارتۇق  پاناھلانغۇچىلار 3-بىر دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرماقتا ۋە ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە ساقلاۋاتقانلىقىغا 5 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانلارمۇ خېلى كۆپ.

#### دۆلەتلەرنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بارمۇ؟

تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قانداقتۇر پاناھلانغۇچىلارغا بېرىلگەن بىر ھەق ھوقۇق ياكى بىر ئىمتىياز  ئەمەس ۋە دۆلەتلىرنىڭمۇ بۇنداق بىر ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستلىرىگە ئىلىش  مەجبۇرىيىتى يوق.  تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى،  ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى، ھەمكارلاشقۇچى دۆلەتلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىقى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. گەرچە ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسى تەكرار ئورۇنلاشتۇرىلىدىغان  پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىنقلاشتا ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىكىتىشتە بەلگۈلۈك رول ئوينىسىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا قوبۇل قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بۇ پاناھلانغۇچىلارغا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بېرىپ بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرىشى موھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ.  پاناھلانغۇچىلارنىڭ قايتا ئورۇنلاشتۇرىلىش ئۆلچەملىرى، پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلماقچى بولغان دۆلەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە باغلىق بولۇپ، يەنە بىر جەھەتتىن پاناھلانغۇچى تۇرىۋاتقان دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىمۇ موھىم رول ئوينايدۇ. ئاممىۋى تەشكىلاتلار بولسا پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش جەريانىدىكى شۇ دۆلەتكە ماسلىشىشى، پاناھلانغۇچىلارغا لازىملىق بولغان ھەرخىل

ياردەملەرنىڭ يېتىشتۈرىلىشى، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ، ئىش ۋە باشقا جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىغا جاۋاپ بېرىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

## قايسى دۆلەتلەرنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسى بار؟

تۆۋەندىكى دۆلەتلەر تۇراقلاشقان ئەنئەنە ھالەتىدە پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئېنىق پروگرامما ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

بۇ دۆلەتلەر، ئاۋىستىرالىيە، كانادا، يېڭە زىلاندىيە، گوللاندىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، بۇلار ھازىرغىچە پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۈچلۈك پروگرامما ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى ۋە ھەر يىلى پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاساسلىق يۈكنى سۆرەۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا يەنە ئارگېنتىنا، برازىلىيە، چىلى، ئىرلاندىيە، ئىزلاندىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ سەپكە قوشۇلغان ئىدى. 2007-يىلىدىن بۇيان، تۆۋەندىكى دۆلەتلەرمۇ ب د ت تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان پاناھلانغۇچىلاردىن چەكلىك ساندا قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئىلان قىلدى.

بۇ دۆلەتلەر بولسا، بولغارىيە، چەك جۇمھۇرىيىتى، فرانسىيە، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، ياپونىيە، پاراگۋاي، ئۇرۇگۋاي، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، رومانىيە بولۇپ جەمئى 26 دۆلەت پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولدى. ھازىرمۇ ھەر يىلى 80،000 پاناھلانغۇچى يۇقۇرىدىكى دۆلەتلەر تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بىلەن قوبۇل قىلىنماقتا. لېكىن كانادا، ئامېرىكا ۋە ئاۋىستراكىيە پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئورۇنلاشتۇرىلىۋاتقان پاناھلانغۇچىلارنىڭ 90% لىك قىسمىنى قوبۇل قىلماقتا. 16 ياۋرۇپا بىرلىكى دۆلەتلىرى بولسا 8%نى، لاتىن ئامېرىكا دۆلەتلىرى بولسا ناھايىتى ئاز ساندىكى پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشۇرىۋاتىدۇ.

تۆۋەندىكى گرافىك بۇ مەلۇماتلارنى ناھايىتى ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىگدۇ.

**Departures by country of resettlement in 2011**
**(Top ten UNHCR Resettlement Departures)**




| Country of resettlement | Departures (persons) |
|---|---|
| United States | 43,215 |
| Canada | 6,827 |
| Australia | 5,597 |
| Sweden | 1,900 |
| Norway | 939 |
| Denmark | 598 |
| Finland | 543 |
| Netherlands | 479 |
| New Zealand | 457 |
| United Kingdom | 430 |
| All others | 232 |
| Grand Total | 61,231 |

This table shows the actual numbers of departures assisted by UNHCR in 2011. A number of resettlement countries (e.g. Australia, Canada and the United States) also admit refugees under family reunion and other migration programmes.

2018-يىلىدىلا كانادا 28،076  نەپەر پاناھلانغۇچىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ كۆپلىرىنى ب د ت پاناھلىق ئىشخانىسى تەۋسىيە قىلغان پاناھلانغۇچىلاردۇر.




## كىملەر قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ؟

قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش، ب د ت پاناھلانغۇچىلار كومىسسارلىقى ھىمايىسىدە ھاياتى، ئەركىنلىكى، بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكى ۋە ئاساسلىق ھەق ھوقۇق خېيىم خەتەرگە ئۇچرىغان پاناھلانغۇچىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ناھايتى قىممەتلىك بىر قوغدۇنۇش قانلى ۋە چىقىش يولى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. جىددى ھالەتتىكى پاناھلانغۇچىلارغا، بولۇپمۇ خەۋپ ئاستىدىكى دۆلەتكە قايتۇرىلىش تەھدىتىگە دۇچار بولغان پاناھلانغۇچىلارغا  قارىتىلغان قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرى بولسا بەزى قېيىن ئەھۋالدىكى پاناھلانغۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايتى قىممەتلىك بىر جان قۇتقۇزۇش يولى بولالايدۇ.  يەنە بىرسى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسى ئۇزۇن مۇددەت ئايرىم ۋە بىر بىرىدىن ئۇزاقلاردا پارچىلىنىپ ياشاۋاتقان ئائىلىلەرنى جەم قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسىدىن ئىبارەت.

تېخىمۇ ئېنىق ئەيتقىنىمىزدا،

 ئۆزى تۇرىۋاتقان ۋە ئەسلى تەۋە بولغان  دۆلەتتە  قانۇنى ۋە جىسمانى قوغدۇنۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ ئۇ قوغدىنىشقا ئېرىشىش ئىمكانى بولمىغان، ھەتتا خەۋپ ئاستىدىكى دۆلەتكە قايتۇلۇش تەھدىتىگە دۇچار بولغانلار،

قېيىن قىستاق ۋە زوراۋانلىقتىن قۇرتۇلۇپ قالغانلار ۋە پاناھلىق تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن تەۋە دۆلىتىگە قايتۇرۇلغاندا تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرايدىغانلار،

پاناھلىق تەلەپ قىلىپ تۇرىۋاتقان دۆلىتىدە زۆرۈر بولغان ۋە ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان تىببى ياردەم ۋە داۋالىنىش ئىمكانىغا ئېرىشەلمىگەنلەر،

جىنسى جەھەتتىن قوغدىنىشقا ئېرىشەلمىگەن ۋە خېيىم خەتەر ئاستىدا قالغان ئاياللار ۋە قىزلار،

تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا ئائىلىلەرنىڭ بىر ئارىغا جەم بولۇش ئىمكانى بولمىغانلار،

قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر چىقىش يولى دەپ قارالغان خېيىم خەتەر ئاستىدىكى باللار ۋە ئۆسمۈرلەر،

قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش يولىدىن باشقا ھېچبىر چىقىش يولى بولمىغان ياكى تېپىلمىغان پاناھلانغۇچىلار،

## قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نىمە؟

پاناھلانغۇچىلارنى مەڭگۈلىك ھالەتتە بىر دۆلەتكە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش تۆۋەندىكى 3 مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ:

خەتەر ئاستىدىكى دۆلەتكە قايتۇرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش،

يەرلىك ئاھالى بىلەن پۈتۈنلەشتۈرۈش ۋە جەمىيەتكە پايدىلىق بىر شەخسكە ئايلاندۇرۇش،

ۋە مەڭگۈلۈك ئولتۇراق ھالەتكە كەلتۈرۈش يېڭىدىن بىر ھايات قۇرۇشنىڭ ھۇلىنى سېلىش.

دىمەككى ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقى تەرىپىدىن تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇش نامزاتى بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سىز چوقۇم ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان پاناھلانغۇچى سالاھيىتىڭىز بولىشى كىرەك.

## تۈركىيەدە ۋە باشقا دۆلەتلەردە ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىغا ئىلتىماس قىلىپ تېخىچە جاۋاپ ئالالمىغانلار قانداق قىلىشى كىرەك؟

بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى بەلكى ئۇزۇندىن بۇيان خەۋەر كۈتۈپ ۋە ھەر تەرەپتىن ئۈمىتسىزلىكتە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن دەل شۇلار كۈتكەن جاۋاپ بولىشى ناتايىن. لىكىن بۇ قېرىنداشلارنىڭ پاناھلىنىشقا قىلغان مۇراجەتلىرى ئۇلارنى خاتىرجەم دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان يولنىڭ ئەڭ ئۈنۈملىكى

دەپ بىلىندۇ ۋە ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق. ئۇنداق بولسا نىمە ئۈچۈن 2-3 يىل ئۆتۈپمۇ بۇ قېرىنداشلار كىچە كۈندۈز ئاررۇلاپ كۈتكەن جاۋاپقا ئېرىشەلمىدى؟

بۇنىڭ قىسقىچە جاۋابى تۆۋەندىكى گرافىكتە ئېنىق كۆرىلىدۇ.







ب د ت نىڭ مالۇماتىغا قارىغىنىمىزدا، دۇنيادا ھازىر 55 مىليونغا يېقىن پاناھلانغۇچى بار بولۇپ، ھازىرغىچە 33 مىليون ئەتراپىدىكى پاناھلانغۇچى يەنىلا  ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئالى كومىسسارلىقىنىڭ بىۋاستە ياردىمى بىلەن خاترجەم 3- دۆلەتكە ئورۇنلاشتى. قالغانلىرى ساقلاۋاتىدۇ.

ساقلاش دىگىنىمىزدە كۆزدە تۇتقىنىمىز، يالغۇز  ب د ت پاناھلانغۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ بۇ پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ساقلىغان ۋاقىتلا ئەمەس بولۇپ، قوبۇل قىلماقچى بولغان دۆلەتنىڭمۇ بارغانسېرى ئىستەكسىز، پاسسىپ ۋە موھىمى دۆلەت ئىچىدىكى ھەر خىل سىياسى قارشىلىقلارنىڭ، ئىقتىسادى ئاستىلاشلارنىڭ، ئىشسىزلىكنىڭ ۋە باشقا ھەر خىل ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاستا ھەركەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.




https://www.unhcr.org/en-us/56655f4e0.pdf

ھازىر ئۇيغۇرلار مەسلىسىنىڭ بارغانسېرى دىققەت تارتىدىغان جىددى مەسلىگە ئايلىنىشتەك ھالقىلىق شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلغۇچى بولغان دۆلەتلەر 1- بولۇپ ئويلىشىدىغان كاندىداتلار يەنىلا ب د ت مۇساپىرلىق ئالى كومىسسارلىقىغا ئىلتىماس قىلغان ياكى تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن پاناھلانغۇچى دەپ قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار بولۇپ، دەسلەپتە ئۇلار ئورۇنلاشتۇرغۇچى دۆلەتلەر تەرەپىدىن مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تاللىنىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن، ھازىرقى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ كۆتكەن ئارزۇلىرىنىڭ بىراز ئاستا بولىۋاتقانلىقىغا باھا بەرگەندە  دۇنيادا ھازىر بولۇۋاتقان ھەر خىل يۇقۇملۇق كىسەللىكلەر، شۇ سەۋەپتىن پەيدا بولغان ئىقتىسادى تۇرغۇنلۇقلار، ئىشسىزلىكلەرنىڭمۇ ئوينايدىغان مەنپى رولىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

**XI-قىسىم** -

## ياۋرۇپادا پاناھلىق تىلەش جەريانىدا بىلىش زۆرۈر بولغان ھالقىلىق ئۇقۇم- دۇبلىن بەلگىلىمىسى ياكى دۇبلىن شەرتنامىسى

ياۋرۇپا بىرلىگى دۆلەتلىرىدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان دۇبلىن شەرتنامىسىنىڭ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى

دۇبلىن ئەھدىنامىسى، دۇبلىن بەلگىلىمىسى دېگىنىمىز نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

دۇبلىن ئەھدىنامىسى 1990-يىلى 15- ئىيۇن كۈنى ئىرلاندىيەنىڭ دۇبلىن شەھرىدە ئىمزالانغان ۋە 1997-يىلى 1-سىنتەبىر كۈنى دەسلەپكى 12 دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يولغا قويۇلغان، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ياۋرۇپا بىرلىگى دۆلەتلىرى ئارىسىدا دۆلەت تاللاپ ئىلتىماس سۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن كۆپ دۆلەتلىك بىر توختامنامە.

2003-يىلىغا كەلگەندە دۇبلىن ئەھدىنامىسى باشقىدىن مۇزاكىرە قىلىنىپ دۇبلىن 2- بەلگىلىمىسى ئىسمى بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، دانىيەدىن باشقا بارلىق ياۋرۇپا بىرلىكگە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئورتاق يولغا قويۇلۇش ئۈچۈن يېڭىدىن تەرتىپلىنىدۇ.

2006-يىلى دانىيەنىڭ، ئىزلاندىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسارىيە ۋە لىختېنستاين قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 2011-يىلىغا كەلگەندە ئەڭ ئاخىرقى شەكلى مۇقىملىشىپ، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنتىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن توختامنامە ھالىتىدە ئىجرا قىلىنىدۇ.

دۇبلىن بەلگىلىمىسى، ئەڭ ئاخىرقى شەكلى بىلەن، ياۋرۇپا بىرلىكگە ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئىزلاندىيە، شۋېتسارىيە، لىختېنستاين ۋە نورۋېگىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنامە بولۇپ، دۇبلىن كېلىشىمنامىسىغا تەرەپتار بولغان دۆلەتلەر دېگىنىمىز ئادەتتىلا دۇبلىن دۆلەتلىرىنى ياكى بۇ شەرتنامىگە قاتناشقان دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

دۇبلىن بەلگىلىمىسى، پاناھلىق تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا قايسى دۆلەتنىڭ جاۋاپكار ئىكەنلىكىگە قارار بېرىدىغان كېلىشىمنامە بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىنىڭ ئەڭ موھىم نوقتىسى دەل پاناھلىق تىلگۈچىلەرنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىغا، مەزكۇر پاناھلانغۇچى قەدەم باسقان 1- دۇبلىن دۆلىتىنىڭ جاۋاپكار بولىدىغانلىقىنى ئېنىق قىلىپ بېكىتىشى ھېساپلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئەگەر پاناھلانغۇچى 1- دۇبلىن دۆلىتىدىن باشقا دۇبلىن دۆلىتىگە بېرىپ پاناھلىق تىلىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر پاناھلانغۇچى ئۆزى قەدەم قويغان 1- دۇبلىن دۆلىتىگە قايتۇرىلىدۇ ۋە مەزكۇر شەخس قەدەم باسقان 1- دۇبلىن دۆلىتى تەرىپىدىن پاناھلىق ئىلتىماسى قاراپ چىقىلىدۇ.

مەسىلەن، مەلۇم بىر ئۇيغۇر پاناھلانغۇچى، تۈركىيەدىن بولغارىيەگە ئۆتۈپ، بولغارىيەدە پاناھلىق تىلىمەي، گېرمانىيە ۋە ياكى باشقا ياۋروپا دۆلىتىگە بېرىپ پاناھلىق تىلىگەن ئەھۋالدا، بۇ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچى دەرھال ئۆزى 1- بولۇپ قەدەم باسقان بولغارىيەگە قايتۇرىلىدۇ ۋە مەزكۇر پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلىقى بولغارىيە تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، تۈركىيەدىن بولغارىيەگە چېگرا ھالقىپ ئۆتكەن بىر گۇرۇپ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار، بولغارىيەگە ( 1- بولۇپ قەدەم باسقان دۇبلىن دۆلىتى) قەدەم باسقاندىن كېيىن، چېگرا ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلىدۇ ۋە تۈرمىگە سېلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئۇيغۇرلار بولغارىيەدە پاناھلىق تىلەشنى رەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ باشقا ياۋروپا دۆلىتىگە كېتىدىغانلىقىنى تەكرارلاپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بولغارىيە سوتى، بۇ ئۇيغۇرلار بولغارىيەدە پاناھلىق تىلىگىلى ماقۇل بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنى خىتاي دۆلىتىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھازىرلىقىغا كىرىشىپ شۇ ھەققىدە قارا بېرىشكە تەمشىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئارىلىششى بىلەن بۇ ئۇيغۇرلار دۇبلىن كېلىشىمنامىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن بولغارىيەدە پاناھلىق تىلەش ئارقىلىق خىتايغا قايتۇرۇلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ياۋرۇپادا پاناھلىق تىلىگەندە دۇبلىن كېلىشىمنامىسى ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە بولۇش بەكمۇ موھىم.

**XII- قىسىم**

## جىددى ياردەم ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا ئالاقە قىلىدىغان ئورۇنلار

چەتئەلگىچە چىقالىغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ياكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەردىن بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئالدى بىلەن بېشىغا كۈن چۈشكەندە ۋە ياكى كۈتۈلمىگەن جىددى ئەھۋال يۈز بەرگەندە كىملەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىش ۋە قايسى ئورۇنلاردىن ياردەم سوراش، ياكى ئاۋازىنى ياردەم قىلالايدىغان ئورگانلارغا قانداق يەتكۈزۈش ھەققىدە ئالدىن تەييارلىقى بولۇشى كېرەك.

بۇ ئۇچۇرلار، تا ھازىرغىچە خىتاي ئەلچىخانىسىدىن ياردەم كېلىپ قالارمۇ دەپ دەپ ئەجدەرھادىن شەپقەت كۈتكەنلەر ئۈچۈن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇ ئۇچۇرلار پەقەت دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ھەر ۋاقىت خىتاينىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق تەھدىتى ئاستىدا ياشىماقتا بولغان، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى دەپ كۆرگەن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن تەييارلاندى.

2015-يىلى 1-ئىيۇل كۈنى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى 12 ئومۇمى يىغىنىدا "خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى" نامىدا بىر قانۇننى ماقۇللاپ يولغا قويدى. بۇ قانۇننىڭ بىردىن بىر ئالاھىدىلىكى، خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئۇقمىنى يىگىدىن شەرھىيلىشى بولۇپ، خىتاي دۆلىتى ئۆزىگە تەھدىت كۆرگەن نىشانىنى تاكى چەتئەللەرگىچە كەڭەيتى ۋە بۇ قانۇننى چېگرا ئاتلاپ ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ قانۇن سەۋەبىدىن، خىتاينىڭ زەھەرلىك قوللىرىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇلار تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئۇزارتىپ، كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغانلىقى بىر ئاچچىق ھەقىقەت . بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ كىتىشتە خىتاي بىلەن ئوچۇق ئاشكارا سودىلىشىۋاتقان، خىتاي بۇيرۇق بېرىپ بولغىچە، ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى خىتايدىن كىلىدىغان بىر كۆلۈمسىرەشكە سېتىۋېتىپ بارغان دۆلەتلەر ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئېچىنىشلىقى بۇ مەينەت سودىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپلىرى بىزنىڭ يا مىللى قېرىنداشلىرىمىز ياكى دىنى قېرىنداشلىرىمىز.

شۇ سەۋەپتىن ھەر بىر ئۇيغۇر مۇھاجىر ۋە پاناھلىنىشنى نىيەت قىلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا ئەڭگۈشتەردەك ساقلايدىغان ئالاقىلىشىش ئورۇنلىرى ۋە تېلىفۇن نومىرلىرى بولىشى كىرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېغىر ئەھۋالغا يولۇقاندا نىمە قىلىشنى بىلىشى كىرەك.

## ئىجتىمايى تاراتقۇلار ۋە ئۇنىڭ خەۋەرلىششتىكى رولى

بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن ۋە تۇيۇقسىز خىتاينىڭ قايتۇرۇپ كىتىش تەھدىتىگە يولۇققان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ 1- قىلىدىغان ئىشى، دەل ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تاشقى دۇنياغا خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ياردەم سوراش ھىساپلىنىدۇ. ھازىرغىچە بۇ يوللار ئارقىلىق، خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن قۇرتۇلۇپ قالغان ۋە خاتىرجەم 3-دۆلەتكە ئورۇنلىشىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز خېلى كۆپ. لىكىن جىددى خەۋپ بولمىغان ئەھۋالدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياخشى نىيىتىنىمۇ سۇيئىستىمال قىلىپ باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇشتىنمۇ ئۇزاق تۇرۇش كىرەك.

ئىجتمائى تاراتقۇلار ئارقىلىق ياردەم سورايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز، ياردەم سورىغاندا تۆۋەندىكى ھالقىلىق ئۇچۇرلارنى تەييار قىلىشى كىرەك:

پاسپورت، پاسپورتىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى، پاسپورتتىكى ئىسىم فامىلە، تۇغۇلغان يىل ئاي كۈن؛

قايسى دۆلەت، قايسى شەھەر، قايسى ئايرىپورتتا ئىكەنلىكىڭىز، ئەگەر ساقچىخانىدا تۇتۇلۇپ تۇرۇلغان ئەھۋالدا شۇ ساقچىخانىنىڭ ئېنىق ئىسمى ۋە جايلاشقان ئورنى ياكى ئادرىسى؛

بولۇپمۇ خىتاينىڭ قايتۇرۇپ ئەكىتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولسىڭىز ئۇ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تولۇق تەييارلىشىڭىز ئىشلىرىڭىزنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆزدىن كەچۈرۈلۈشكە ناھايتى پايدىلىق.

## ئىجتمائى تارتقۇلاردىن قايسىلىرىنى قوللانسام مۇۋاپىق بولىدۇ؟

ياردەم سوراش ئۈچۈن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىڭ تاشقى دۇنياغا مەلۇم بولىشى ئالدىقى شەرت. شۇڭا سىز ئىجتمائى تاراتقۇلار ئىشلەتمىگەن بولسىڭىز چوقۇم خالىغان بىر ئىجتمائى تاراتقۇ مۇنبىرىدىن ھىساپ ئېچىڭ.

خىتاينىڭ ئۇنىددار ، تىك-توك قاتارلىق ئىجتىمائى تاراتقۇلىرى بەزى دۆلەتلەر تەرىپىدىن چەكلىنىۋاتقان ۋە چەكلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى ئىشلەتمەڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بۇ خىتاينىڭ ئىنتېرنەت مۇلازىم شىركەتلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇڭ.

ۋاتسئاپ، سىگنال ياكى تىلىگراف قاتارلىق ئىجتىمايى تاراتقۇ ھەقسىز ئالاقىلىشىش دىتاللىرىنى چوقۇم تىلفۇنىڭىزغا قاچىلىۋېلىڭ.

ئىلخەت ھىساۋىڭىز يوق بولسا دەرھال ئىلخەت ھىساپ ئېچىشنى ئۇنۇتماڭ.

ئەگەر سىز تېخىچە خىتايدىكى ئىلخەت ئادرىسى ئىشلىتىۋاتقان بولسىڭىز دەرھال ئۇنى ئىشلىتىشتىن توختاڭ ۋە خىتاي ئىنتېرنەت سۇپىسىدىن ئاچقان ئىلخەت ئادرىسىڭىزنى دەرھال يۇيىۋېتىڭ.

ئەقىللىق تىلوفۇنىڭىزدا خىتاينىڭ يۇمشاق دىتالى بولسا، خۇددى ئۇنىددار دىگەنلەردەك، ئۇنىمۇ دەرھال يۇيىۋېتىڭ. خىتايغا تەۋە بولغان بۇ ئىنتېرنەت مۇلازىم شىركەتلىرى سىزنىڭ ھەر قەدەم ۋە ھەر نەپەسىڭىزنى بىلىپ تۇرغىنى ئۈچۈن، سىز خاتىرجەم بىر نوقتىغا بېرىپ بولغىچە خىتايلار سىزنىڭ ئورنىڭىزنى بىلىپ بولمىسۇن.

ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يوللىغاندا ھەممە يەرگە بىرلا ۋاقىتتا يوللاۋەرمەڭ، ئەڭ ياخشىسى ئىشەنچلىك ۋە ياردەم قىلىش ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرالايدىغان كىشىلەر ۋە ئورۇنلارغا يوللاڭ.

چەتئەلدە پاالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاكتىپلىرى ھەممىسى دىگۇدەك ئىجتىمائى تاراتقۇلاردىن كۆپ پايدىلىنىدۇ ۋە بۇ تاراتقۇلاردىكى ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن سىزنىڭ ئىجتىمائى تاراتقۇلار ئارقىلىق چىقارغان ياردەم مۇراجاتىڭىز كۆپ كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە بۇ تەشكىلاتلار ۋە ئاكتىپلار، ھەم ئانا ئېقىم ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ھەم تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەرنى ھەتكەتلەندۈرۈپ، جىددى ھالدا قالغان ئۇيغۇرلارغا ياردەمچى بولىدۇ.

**موھىم ئىجتىمائى تاراتقۇلار:**

Facebook

Twitter

Whatsupp

Signal

Telegraph

Email

## قايسى ئورۇنلار بىلەن ئالاقە ئورناتسام مۇۋاپىق بولىدۇ؟

ئەگەر سىز ئېگىلىزچە بىلمىگەن بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۆزىڭىز بىلگەن ۋە ياكى ئۆزىڭىز ئىشەنگەن كىشى ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە ئورنۇتىشىڭىز سىزنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بىخەتەر بولىشىنى ھىساپلىنىدۇ. مەيلى سىز كىملەر بىلەن ۋە ياكى قايسى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇڭ، سىزگە يارەم قولىنى سۇنالايدىغان تەشكىلات ۋە شەخسلەر ئاساسەن ئېنىق بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا شۇلارنىڭ قولىغا تېگىدۇ.

ئەگەر ، ئۆزىڭىز بىۋاستە ئىلخەت بىلان ئالاقە قىلمەن دىسىڭىز:

دۇنيا مىقياسىدىكى ئاساسلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلار تىزىملىكىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن تاپالايسىز:

https://www.uyghurcongress.org/en/affiliate-organizations/

info@uyghurcongress.org

uyghuradvocacy@gmail.com

mehmet@urap.ca

info@uhrp.org

https://uighurtimes.com/

يەنە بىر موھىم خەلقئارا سىياسى مۇنبەر بولسا خەلقئارالىق پارلامېنتلار خىتايغا قارشى بىرلەشمىسى. بۇ بىرلەشمە دۇنيانىڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر دوستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خەلقئارالىق ھەمكارلىق مۇنبىرى بولۇپ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنىڭ ۋە ياردەم چاقىرىقىڭىزنىڭ زۇرۇر بولغان يەرلەرگە يېتىپ بېرىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى ئىلخەت ۋە تۋىتتېر ئادرىسلىرىنى خاتىرلىۋىلىڭ.

Inter-Parliamentary Alliance on China
@ipacglobal
info@ipac.global.

## XIII-قىسىم

# تەۋەككۈلچىلىك قىلىش  ۋە ئۇنىڭ ئېغىر بەدەللىرى

## 1-خىتايغا قايتۇرۇش تارىخى بولغان دۆلەتلەردە تۇرىۋېرىش تەۋەككۈلچىلىكى

بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ھەركەت قىلىش ئىمكانى بار تۇرۇپ يەنىلا خىتايغا قايتۇرۇش خېيىم خەۋپى ئىنتايىن ئېغىر بولغان دۆلەتلەردە تۇرۇشقا داۋام قىلىشى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ، كونىلار دېگەندەك "كوزا كۆندە سۇنمايدۇ  لىكىن بىر كۈنى سۇنىدۇ".  ۋە بۇ كوزا سۇنغان كۈنى  بۇ قېرىنداشلىرىمىز ھىچكىمنىڭ خەۋرى بولماستىن جىمجىتلا خىتايغا قايتۇرۇلغان بولىدۇ. كېيىنكى پۇشايمان ئەلۋەتتە پايدا بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇ قېرىنداشلىرىمىز ھەم ئۆزلىرىگە ھەم ئائىلىسىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئويلاپ بولسىمۇ بۇ دۆلەتلەردىن ئايرىلىشقا ھەركەت قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ھەقىقەتەن موھىم.

## 2- باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ئاساسى يوق كوچا پاراڭلىرى بىلەن، ئۆزلىرى ۋە ئائىلىسىنى ئېلىپ باش ئايىغى چىقمايدىغان سەپەرلەرگە ئاتلىنىش ۋە يېرىم يولدا خىتايغا قايتۇرۇلۇش تەھدىتىگە دۇچ كېلىش تەۋەككۇلچىلىقى

بۇ خىل ئەھۋالمۇ پات پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. "پالانچى دۆلەت ئارقىلىق، پۇستانچى ئايرىپورتتا چۈشۈپ قىلىپ پالانچى ياۋرۇپا ياكى باشقا دۆلەتلەرگە بارغىلى بولىدىكەن" دېگەندەك شەكىلدىكى مىش مىش گەپلەر بىلەن ھەم ھاياتىنى ھەم نۇرغۇن ئىقتسادىنى دوغا تىككەن ۋە ئەڭ ئاخىرى مىڭ بىر پۇشايماندا ۋە مىڭ بىر تەسلىكتە ئەسلىدە كەلگەن دۆلەتلىرىگە ئاران قايتىپ كىلىۋالالىغان قېرىنداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئەڭ موھىمى بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىك نەتىجىسىدە بەزى قېرىنداشلىرىمىز خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ ئاران تەسلىكتە ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇڭا باش ئاخىرى يوق بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىكتىنمۇ ئۇزاق تۇرۇش كىرەك.

## 3- ھەر خىل قاراڭغۇلۇق ۋە قانۇنسىز يوللارغا تەۋەككۈلچىلىك قىلىش.

چەتئەلدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ياردەمگە مۇھتاج قېرىنداشلىرىغا خالىسانە ياردەم قىلىپ كەلدى. لىكىن ئاز بولسىمۇ بەزى پۇرسەتچىلەر، قېيىن ئەھۋالدا قالغان ئۇيغۇرلاردىن ئىقتسادى پايدا ئۈندۈرۈش ياكى قۇشقاچنى قار ياققاندا تۇتۇشنى نىيەت قىلغان كىشلەر يوق ئەمەس. شۇنداقلا بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ زىيان تارتقان قېرىنداشلىرىمىزمۇ ھەر ۋاقىت ئۇچرايدۇ. شۇڭا "پالانچى كىشىنىڭ يولى باركەن، 10،000$ بەرسە ياۋرۇپاغا ياكى ئامرىكىغا يولغا سالىدىكەن" دېگەندەك ئالدامچىلىقلارغا قۇلاق بەرمەسلىكى كىرەك.

## 4- خىتايغا بارىدىغان ئايرۇپىلان بىلىتىنى ئاقتارمىلىق ھالدا سېتىۋېلىپ ئايرۇپىلان ئالماشقان نوقتىدا چۈشۈپ قىلىپ پاناھلىق تىلەش تەۋەككۇلچىلىكى.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز، ياۋرۇپانىڭ مەلۇم دۆلىتى ئارقىلىق خىتايغا بارىدىغان ئايرۇپىلان بىلىتى سېتىۋېلىپ، يول ئوتتۇرىسىدا ياۋرۇپا دۆلىتىنىڭ بىرسىدە چۈشۈپ قىلىپ پاناھلىق تىلەيمەن دەپ تاكى خىتايغىچە بىلەت سېتىۋېلىپ، خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئىشەنچلىك بىر يول ئەمەسلىكىنى بۇ يەردە ئالاھىدە ئەكەرتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. بەزى قېرىنداشلىرىمىز، " شۇ خىل يوللاردىن ياۋرۇپاغا كەلگەنلەر ياكى خاتىرجەم بىر دۆلەتكە يۆتكەلگەنلەر ئاز ئەمەس، باشقا كۆن چۈشكەندە ھەممە يولنى سىناپ بېقىش كېرەك" دەپ قارىشىلىق بىلدۈرىشى مۇمكىن. مەلۇم بىر يول ئارقىلىق بەزى كىشىلەرنىڭ مەلۇم دۆلەتكە بارغانلىقى ئۇ يولنىڭ قانۇنسىز ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى يوق قىلالامايدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت ھاياتى بىخەتەرلىكىنى 1- ئورۇندا قويۇش ھەممىمىزنىڭ باشتا كېلىدىغان ۋەزىپىمىز.

خۇلاسە

ئەزىز قېرىنداشلار

بۇ قوللانما ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بىر چارە ئەمەس، لىكىن خاتالىقلاردىن ساقلىنىشتىكى بىر پايدىلىنىش ماترىيالى.

چەتئەللەردا خاتىرجەمسىز ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى خاتىرجەم دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش خېلى كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان بىر جەريان.

ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بۇ مەسىلىگە باشتىن باشلاپلا خالىسانە ياردەم قىلىپ يېڭى كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىدە پەۋقۇلئاددە رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش پروگراممىسى، بۇ خىزمەتنى ئامېرىكىدىكى دىموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ياردىمى بىلەن تولۇق كۆن تۇتۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەقسەت دەل خاتىرجەمسىز ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇ خىزمەتلەرنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولىشى، پاناھلانغۇچىلارغا ئائىت ئەڭ ھالقىلىق ۋە ئاساسلىق چۈشەنچىلەرنىڭ ئايدىڭلىشىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ قوللانما دەل شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاندى.

پايدىلىنىش جەريانىدا قىممەتلىك تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىڭلارنى بېرىشىڭلارنى سەمىمىيلىك بىلەن كۈتىمىز.

•